ئومۇمىي 63-سان

[redacted]

2024 نويابىر



# ئۇيغۇرلار

## The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر
1



ئۈچ مىنۇتلۇق قائىدە
48



بىر تەرەپلىمە جەزملەشتۈرۈش
72

ئومۇمىي 63 -سان
2024 نويابىر

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.




باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ئازادئاي غەيرەت
شۇڭقار تېكىن

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >

# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

ئۈچ مىنۇتلۇق قائىدە

ئۇيغۇرنىڭ غەيرىتى 91

ئەمگەك پارتىيىسى ئۇيغۇر ئىرقىي
قىرغىنچىلىقى ھەققىدىكى
قارارىدىن يېنىۋالدى 112

## ئىستراتېگىيە تەتقىقاتى

ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر
ماھارەتلىرى

## ئۇيغۇرلاردا ئىسلام

جەننەتنىڭ يولى ۋەتەندىن
ئۆتىدۇ 53

## خەلقئارا ۋەزىيەت

يېڭى دوكلاتتا ئېلون
ماسكىنىڭ ۋلادىمىر پۇتىن
بىلەن «دائىم ئالاقىدە»
ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان 80

## گۈلىستان

بىر تەرەپلىمىلىكنى
جەزملەشتۈرۈش


**مۇقاۋىدىكى رەسىملەردە سابىت**
**داموللا ئابدۇلباقى ئوبرازى**














## خىتاي تەتقىقاتى

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان
كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى
ھەققىدە ب د ت نېمە قىلالايدۇ؟ 42

## ئۇيغۇر تەتقىقاتى

ھەممەتلىك يازغۇچى تېيىپجان
ھادى 86

يىپەك يولى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ
تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىش 103

## كۆڭۈل ۋە تەن

ئاسارەت نەسىلدىن-نەسىلگە
ئىرسىيەت بولۇپ قالامدۇ؟

خوشال ياشاش روھىي
ساغلاملىق ۋە كەلگۈسى نىشانغا
يېتىشنىڭ ئاساسىدۇر 99

## تارىخ ۋە بىز

خىتاي مەدەنىيىتىگە تەسىر
كۆرسەتكەن ئۇيغۇر چالغۇلىرى 12

پايچەك بازىرىدىكى تارىخى
ئەپسانە – جېيسىسى لىۋېرمور 64

ئىستراتېگىيە

THE GREAT COURSES®

Topic
Professional

Subtopic
Thinking Skills

# Strategic Thinking Skills

Professor Stanley K. Ridgley
Drexel University

# ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى

پروفېسسور ستەنلى رىدگلېي





# 13 ـ لېكسىيە: يېڭى تەۋرىنىش — بۇرۇلۇش نۇقتىلىرى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

پروفېسسور ستەنلى ردگلېي

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىش قىلىش ئۇسۇلىمىزغا شۇنداق كۆنۈپ كەتكەنمىزكى، ئۆزگىرىشنىڭ تۇراقلىقتىن تېخىمۇ كەڭ تارقالغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىمىز. بىز كىچىك ئۆزگىرىشلەرگە بىر قەدەر ئاسان ماسلىشىمىز، ئەمما، بەزىدە ۋەزىيەتنى ئېگىز-پەس قىلىدىغان، تېز ۋە پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىدىغان چوڭ ئۆزگىرىشلەرمۇ يۈز بېرىپ قالىدۇ. بۇ بۇرۇلۇشلار ئىستراتېگىيىلىك بۇرۇلۇش نۇقتىسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ لېكسىيەدە بىز شىركەتلەرنىڭ ئىستراتېگىيىلىك بۇرۇلۇش نۇقتىلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە ئىزدىنىمىز.

ئىستراتېگىيىلىك بۇرۇلۇش نۇقتىسى

«ئىستراتېگىيىلىك بۇرۇلۇش نۇقتىسى» دېگەن ئىبارىنى ئەندىي گىرۇۋ (Andy Grove) 1996 ـ يىلى يازغان «پەقەتلا پارانوئىد ھايات قالىدۇ» (Only the Paranoid Survive) ناملىق كىتابىدا تىلغا ئالغان. ئۇ مۇھىتىمىزدىكى چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ ئۆزگىرىشلەر بىزنى ئىش قىلىش ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلايدۇ ياكى يوق بولۇش خەترىگە دۇچار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ زور ئۆزگىرىشلەر بىزنى ئىستراتېگىيىمىزنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلايدۇ.

رىقابەت ئەۋزەللىكى بولسا پائالىيەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەتراپتىكى مۇھىم ئۆزگىرىشلەرنى تۈنجى بولۇپ تونۇغان ۋە ئۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرغان شىركەت ۋە شەخسلەرگە بېرىلىدۇ. ئومۇمىي مۇھىت ۋە كونكرېت كەسىپلەرنىڭ ئۆزگىرىشىنى بايقاش بىز ئىلگىرى مۇلاھىزە قىلغان پېست (PEST) ۋە بەش خىل كۈچ ئانالىزىغا ئاساسلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە رىقابەت ئەۋزەللىكى ئۆتكۈنچىدۇر. نەزەرىيە ئەمىلىيلەشتۈرگۈچىلەر ئارىسىدا تېزدىن تارقىلىپ، «ئەڭ ياخشى تەجرىبە» گە ئايلىنىدۇ، ۋاقىتلىق رىقابەت ئەۋزەللىكى ناھايىتى تېزلا كۆپچىلىكنىڭ يېڭى رىقابەت باراۋەرلىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

سودا، تەنتەربىيە، سىياسەت ۋە ئارمىيەدە ئىستراتېگىيىلىك بۆرۈلۈش نۇقتىلىرى كۆرۈلىدۇ. بەزىدە، بۆرۈلۈش نۇقتىسى بۇ بىر نەچچە ساھەگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىستراتېگىيىلىك بۆرۈلۈش نۇقتىلىرىغا دۇچ كېلىمىز، بىزنى ئىستراتېگىيىلىك پىلانىمىزنى قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇرلايدۇ.

## سودىدىكى بۆرۈلۈش نۇقتىلىرى

سودا مىقياسىدا، ئىستراتېگىيىلىك بۆرۈلۈش نۇقتىلىرى ھەمىشە پەن-تېخنىكىلىق ئىلگىرىلەش ياكى رىقابەت مۇھىتىدىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر سۈپىتىدە ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ ، ئۇلار رىقابەت ئويۇننىڭ قائىدىسىنى ئۆزگەرتىدۇ. بۆرۈلۈش نۇقتىلىرى يەنە خېرىدارلارنىڭ مايىللىقىدىكى زور ئۆزگىرىش ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشتىكى ئۆزگىرىش ياكى بەزى خام ئەشيالارنىڭ قىممىتىنىڭ شىددەتلىك ئۆسۈشىدىن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

ئىستراتېگىيىلىك بۆرۈلۈش نۇقتىسى نەتىجىدە چوڭ تەسىر پەيدا قىلىسىمۇ ، ئۇ دەسلەپتە كۆپچىلىك تەرىپىدىن دەرھال بايقىلىماسلىقى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ، گۇرۇھ بىزگە، بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ شىركەتلەرگە بولغان تەسىرىنىڭ چوڭلۇقىنى ، ھەتتا، يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئۇلارنى نورمالدا ئەڭ ئاخىرىدىلا بايقىيالايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

1930-يىللارنىڭ بېشىدىكى ئاۋازسىز كىنولارنىڭ يوقىلىشى، ئىستراتېگىيىلىك بۆرۈلۈش نۇقتىسىنىڭ سودا ۋەزىيىتىنى قانداق ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىنىڭ بىر مىسالىدۇر. ئاۋازلىق كىنولار بارلىققا كەلگەن ئۇن يىل ئىچىدە، ئاۋازسىز كىنو ئىشلەش پۈتۈنلەي توختىدى.

سودىدىكى ئەڭ يېڭى مىسالللاردىن بىرى، ئاۋتوئاتسىيە سانائىتىنىڭ 1978ـ يىلى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مۇھىتى ئۆزگەرگەندە باشتىن كەچۈرگەن غايەت زور ئىستراتېگىيىلىك بۇرۇلۇش نۇقتىسىدۇر. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۆزگىرىشنىڭ تەسىرىنى سانائەت ۋە يولۇچىلار ھازىرمۇ ھېس قىلماقتا.

ئاۋتوئاتسىيە سانائىتىنىڭ تەڭشىلىشى ئامېرىكىلىق ئىستېمالچىلارغا غايەت زور پايدا ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاۋتوئاتسىيە شىركەتلىرى بۇ ئۆزگىرىشنىڭ ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلىقىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تېخىچە ھېس قىلمىغاندەك قىلاتتى. يېڭى ئاۋتوئاتسىيە شىركەتلىرىنىڭ بېلەت باھاسى، لىنىيىسى ۋە بازارغا كىرىشىدىكى ھۆكۈمەت كونتروللىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي يېڭى مۇھىت يارىتىپ، ئاۋتوئاتسىيە شىركەتلىرى ئىلگىرى ئويلاپ باقمىغان بىر شەكىلدە ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلدى.

بۇ كۈچلۈك ئىستراتېگىيىلىك بۇرۇلۇش نۇقتىسى ئەمەلىيەتتە ئەنئەنىۋى ئاۋتوئاتسىيە شىركەتلىرىنى يېڭى سودا ئەندىزىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بەس-بەستە ئاتلاندۇرۇشى كېرەك بولغان بولسىمۇ، ئەمما كۆپىنچە شىركەت يەنىلا بۇرۇنقىدەك سودا قىلىشنى داۋاملاشتۇردى.

سودىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىسالى بولسا 1980ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ئامېرىكىدا ئۆز كەسپىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغان كامېرا ۋە كىنو شىركەتلىرىدىن كوداك (Kodak) ۋە پولارويد (Polaroid) نىڭ ئاچچىق ھېكايىسى.

رەقەملىك تەسۋىر ھاسىل قىلىش ئىنقىلابى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كىنوچىلىق كەسپىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى. كوداك ۋە پولارويد ھەر ئىككىسى خىرىسقا دۇچ كەلدى، ھەم ھەر ئىككى شىركەت خىمىيىلىك فىلىم دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدەك بىر ھەقىقەتكە توغرا تاقابىل تۇرالمىدى.

پولارويد شىركىتى 2000ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا يېڭى شەكىلدە ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ، 2001ـ يىلى ۋەيران بولدى. كوداك شىركىتى بولسا 2012ـ يىلىنىڭ بېشىدا ۋەيران بولۇشنى قوغداشنى تەلەپ قىلدى ۋە قايتا تەشكىللەندى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش ئالامەتلىرىنى نامايەن قىلدى.

قانداق ئۆزگىرىشلەر بولۇشى كېرەك؟

ئەگەر بۇرۇلۇش نۇقتىسى سودا ئەندىزىسىنى كەلگۈسىگە ماس كېلىدىغان بىر ھالغا كەلتۈرەلمىگەن بولسا، نېمىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشى كېرەك ۋە ئۇنى قانداق ئۆزگەرتىشىمىز لازىم؟

بىز بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، 1997 ـ يىلى ھەر خىل نەشرىياتچىلىق كارخانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تومسون چەكلىك شىركىتىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى بولغان ۋە ئاساسلىق كەسىپ ئۆزگىرىشىنىڭ رېئاللىقىنى كۆرۈۋاتقان رىچارد ج.خارىڭتون (Richard J. Harrington) نى مىسالغا ئالايلى.

گەرچە ئۇ ئۆتكۈزۈۋالغان يىللىق كىرىمى 9 مىليارد دوللارغا يېقىنلاشقان سودا خېلى ياخشى كېتىۋاتقان بولسىمۇ، خارىڭتون يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان پەن ـ تېخنىكا كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆزگىرىشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى كۆرۈپ، شىركىتىنىڭ سودا ئەندىزىسىنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە تېخىمۇ ئاز كىرىم قىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.

خارىڭتون تومسون شىركىتى (Thomson Corporation) نىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بۇرۇلۇش نۇقتىسىدىن مەھرۇم قالمايدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇ كىرىمدە قىسقا مۇددەتلىك زەربە بېرىشنى ۋە ئېلېكترونلۇق نەشرىيات (electronic publishing) نى ئاساس قىلغان يېڭى سودا ئەندىزىسىنىڭ كەلگۈسىدىكى تەلپىنى قاندۇرۇشى ئۈچۈن چىقمىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

بۇ شىركەت كەلگۈسى بىر نەچچە يىلدا 7 مىليارد دوللار خەجلەپ 200 دىن ئارتۇق كارخانىنى سېتىۋالغان، ھەمدە ئۆزىنىڭ يەرلىك گېزىتخانىسىدىن 130 دىن كۆپرەكىنى تاقىۋەتكەن. قىسقا مۇددەتلىك كىرىمگە يۈزلەنگەن سودا مەدەنىيىتىدە، بۇ بىر ناھايىتى دادىل ھەرىكەت ئىدى. بەش يىل ئىچىدە تومسون ئۆزىنى ئۆزگەرتىپ، Elsevier نىڭ كەسپىي نەشرىياتچىلىقتىكى ئەڭ يۇقىرى ئورنىغا تەھدىد پەيدا قىلىدۇ.

تەنتەربىيە ۋە ئويۇنلاردىكى بۇرۇلۇش نۇقتىلىرى

تەنتەربىيەدە ئىستراتېگىيىلىك بۇرۇلۇش نۇقتىلىرى كۆپىنچە ئىستراتېگىيىنى تەڭشەشنى بەلگىلەيدىغان قائىدىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىلىق يۈز بېرىدۇ. بەزىدە بىز ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن بايقىغان بۇرۇلۇش نۇقتىلىرى بىر قاتار كىچىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ نەتىجىسى خالاس. بۇ تەدرىجىي جەرياننىڭ بىر مىسالى شاھماتتىن كەلگەن. 15 ـ ئەسىرگىچە، شاھماتتىكى گەردە بىرئاز ئاجىز ئورۇق ئىدى، ئەمما ئويۇن قائىدىسىنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە، گەردە 16 ـ ئەسىردە شاھمات تاختىسىدىكى

ئەڭ كۈچلۈك ئۇرۇقا ئايلىنىدۇ. گەردىنىڭ ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشى ئويۇندىكى ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

كەسپىي پۇتبولدا، قارىماققا كىچىك بولغان قائىدىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، ئويۇننى ۋە پۇتبول مەيدانىنىڭ مەلۇم ئورۇنلىرىدا ئوينايدىغان پۇتبولچىلارنىڭ تۈرىنى ئۆزگەرتتى.

## سىياسەتتىكى بۇرۇلۇش نۇقتىلىرى

سىياسەتتە بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىدىن پايدىلىنىش قىيىن، بۇنىڭ قىسمەن سەۋەبى بولسا سىياسەتچىلەرنىڭ سايلام جەريانىنىڭ قايسى باسقۇچى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئويۇننى داۋاملىق ئوينىشى ئىدى.

كىچىككىنە بىر سىياسىي بۇرۇلۇش نۇقتىسى پرېزىدېنتنىڭ مەڭگۈ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش مۇددىتىدىن ئارقا-ئارقىدىن ئىككى قېتىم سايلىنىش بىلەن چەكلىنىش بولدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئۆزگىرىش پەقەت ۋاشىنگتون (Washington) دىن فرانكلىن روزۋېلت (Franklin Roosevelt) قىچە بولغان پرېزىدېنتلەر ئارىسىدا بىر ئەنئەنىگە ئايلانغان. ئەمما بۇ ئۆزگىرىش يەنە سايلانغان پرېزىدېنتنى «ئاقساق ئۆردەك» (lame duck ۋارىسى سايلانغان ياكى سايلىنىش ئالدىدا تۇرغان ۋە سىياسىي تەسىرىنى يوقاتقان ھۆكۈمەت ئەمەلدارى) ھالىتىگە كەلتۈرىدۇ.

بۇ يەردە ئاساسلىق پارتىيىلەردىن نامزاتلارنى تەيىنلەش جەريانىنىمۇ ئويلاپ كۆرۈڭ. بۇ يەردىكى كۈچ پارتىيە قۇرۇلتىيىدىكى ۋەكىللەر غەلبە قىلىدىغان پارتىيە قۇرۇلتىيىدىن دەسلەپكى سايلامغا يۆتكىلىدۇ. شتاتلار ھازىر تېخىمۇ كۆپ تەسىر پەيدا قىلىش ئۈچۈن دەسلەپكى تاللاشلىرىنى باشقىلاردىن ئالدىن پىلانلايدۇ. بۇ ئامىللار بىلەن ئۆز-ئارا تەسىر كۆرستىش نامزاتلارنىڭ پائالىيىتى بولۇپ، چوقۇم قەيەردە ۋە قانداق رىقابەتلىشىشنى قارار قىلىشى كېرەك.

يېڭى پەن-تېخنىكىلار سىياسەتچىلەرگە بۇرۇلۇش نۇقتىسى ئېلىپ كەلگەن بولىشىمۇ مۇمكىن. ئامېرىكا پرېزىدېنتلىق سىياسىتىدە، فرانكلىن روزۋېلتنىڭ رادىئونى قوللىنىشى، كېننېدى (Kennedy) ۋە رېگان (Reagan) نىڭ تېلېۋىزوردا كۆرۈنۈشى، ھەمدە 2008-يىلى ئوباما ( Obama) نىڭ پرېزىدېنتلىق سايلىمىدا ئىنتېرنېتنى قوللىنىشىنى ئويلاپ كۆرۈڭ.

بۇ يەردىكى ساۋاق شۇكى: پەن- تېخنىكا ساھەسىدە بولمىغانلارمۇ يېڭى پەن-تېخنىكا ئاساسىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بىلەن ئۇچرىششى مۇمكىن.

## ھەربىي ئىشلاردىكى بۇرۇلۇش نۇقتىلىرى

پەن-تېخنىكا، ھەربىي توقۇنۇشتا ئۆزىنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلىرىنى ئەڭ تېز تونۇپ يەتكەن ۋە ئۇنىڭغا ماسلاشقان تەرەپكە ۋاقىتلىق رىقابەت ئۈستۈنلۈكى ئاتا قىلىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن مەشھۇر بىر مىسال بولسا 1291-1095- يىللار ئارىسىدىكى غەربىي خرىستىيان دۇنياسىنىڭ ئەھلى سەلىپلەر ئۇرۇشىنى قوزغىشى ئىدى. چەۋەندازلار ۋە دېھقانلار مۇقەددەس تۇپراقنى ئىسلام ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن قايتا-قايتا شەرققە يۈرۈش قىلىدۇ. بۇنداق مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى تارىختا كىشىلەر ۋە تەشكىلاتلارنى ماسلىشىش ياكى يوقىلىشقا مەجبۇر قىلغان دراماتىك ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

(بىرىنچى ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشىدا، ئەرەب قوشۇنلىرى مۇقەددەس تۇپراقتا ئىلغار پەن-تېخنىكا بىلەن قوراللانغان ئەڭ كۈچلۈك جەڭچىلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ).

ئەھلى سەلىپلەر غەرب ۋە شەرق مەدەنىيەتلىرىنىڭ دراماتىك توقۇنۇشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەڭ ياخشى شارائىتلاردىمۇ، مەدەنىيەتلەر بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇشتا قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ؛ گۇمان، مەدەنىيەت توقۇنۇشلىرىدىكى دەسلەپكى ئىنكاستۇر. بۇ ۋەقەدە، ئىككى بۈيۈك مەدەنىيەت ئەڭ كەسكىن شارائىتتا، يەنى جىھاتتا بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ.

ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەرەبلەر ۋە تۈركلەر بۇ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بىلەن تۇنجى قېتىم 1095-يىلى ئۇچرىشىدۇ. بىرىنچى ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى قىسمەن فرانك چەۋەندازلىرى (Frankish knights) نىڭ سەراسىنلار (Saracens) غا قارشى قوللانغان ھەربىي تاكتىكا ۋە ستراتېگىيەسىنىڭ كۈتۈلمىگەن بىر شەكىلدە مەيدانغا كېلىشىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

ياۋروپانىڭ ئۈستۈن ھەربىي پەن-تېخنىكىسى ئەرەپ قوشۇنلىرى ئۈچۈن ستراتېگىيىلىك بۇرۇلۇش نۇقتىسى يارىتىپ بېرىدۇ. مۇسۇلمان قوشۇنلىرى تۇيۇقسىز ساۋۇت-دۇبۇلغا، كېرىش ئوقيا ۋە كۈچلۈك

ئاتلار بىلەن قوراللانغان ھەمدە ئۆنۈملۈك قورشاۋ ماشىنىلىرىغا ئىگە دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىدۇ. كېرىش ئوقيانىنىڭ ئۆزىلا ئۇ چاغدىكى ئىنتايىن يۇقىرى تېخنىكىلىق بىر ئويۇن ئۆزگەرتكۈچى قورال ئىدى.

يەنە بىر مىسال، 13-ئەسىردە، ياۋروپالىقلار كۈتۈلمىگەن ھۇجۇمنىڭ نىشانى بولىدۇ. موڭغۇللار، باتۇخان (چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى) قوماندانلىقىدا، 1241-يىلى جەنۇبىي ياۋروپادا بىر قانچە ۋېنگر قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ ۋە ۋېنگرىيە پادىشاھى بېلا (Béla) نىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن توسۇۋېلىنغاندا ئاۋسترىيەگە بېسىپ كىرىش ئالدىدا تۇراتتى.

موڭغۇللار ۋېنگرلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ، ئەمما 1241-يىلى دېكابىردا بۈيۈك خان ئۆگەدەينىڭ ۋاپاتى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىستىلاسىنىڭ سۈرئىتى ئاستىلايدۇ.

ياۋروپالىقلار 150 يىل بۇرۇن مۇقەددەس تۇپراقتا سەراسىنلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىنىغا ئوخشاش بىر شەكىلدىكى بۇزۇلۇش نۇقتىسىغا دۇچ كەلگەن ئىدى. موڭغۇللار سۈرئەت ۋە ئۆزگىچە تەمىنلەش تېخنىكىلىرىنى، شۇنداقلا جاسۇس ۋە چارلىغۇچىلارنى قوللانغان ئىدى. ياۋروپالىقلارنىڭ ئەكسىچە، ئۇلار جەڭنى يىراقتىن كۆزىتىپ تاكتىكىلىق قارارلارنى چىقىرىدىغان رەھبەرلىرىنى قوغدىغان ئىدى.

ئاخىرىدا، موڭغۇللارنى ئىتالىيە ۋە گېرمانىيىگە ھۇجۇم قىلىشتىن، بەلكى پۈتۈن ياۋروپانى بويسۇندۇرۇشتىن توختاتقىنى ياۋروپانىڭ ماسلىششى ئەمەس، بەلكى بىر تەلەي ئىدى خالاس.

## شەخسىي بۇزۇلۇش نۇقتىلىرى

گرووۇپنىڭ قارىشىچە، بۇزۇلۇش نۇقتىسىدىكى ئەڭ چوڭ مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولسا، بىزنىڭ ئۆزگىرىشكە تاقابىل تۇرۇش خاراكتېرىمىزنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ئۇنى ئادەتتىكى ئۆزگىرىشلەردىن پەرقلەندۈرۈشتۇر. كىچىك ئۆزگىرىشنى دەپ ھەممىنى بۇزۇۋېتىشكە بولمىغاندەك، مۇھىم بولغان ئۆزگىرىشلەرگىمۇ بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ.

ستراتېگىيىلىك بۇزۇلۇش نۇقتىسىنى تارىخىي ۋەقەلەردىن قانداق پەرقلەندۈرىسىز؟ گرووۋ بىزنى بەزى ئاگاھلاندۇرغۇچى بېشارەتلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئەگەر سىز مۇئامىلە قىلىۋاتقان شىركەت «ئۆزگىرىش» بىشارەتلىرىنى كۆرسىتىۋاتقان بولسا، ئۇ چاغدا سىز بۇرۇلۇش نۇقتىسىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن.

ئەگەر دىققىتىڭىز تۈيۈقسىز ئۆمۈرلۈك رەقىبىڭىزدىن ياكى سىزنى ئەسىر قىلىۋالغان مەلۇم بىر شىركەتتىن باشقا يەرگە بۇرۇلۇپ، يېڭى بىر شەخس ياكى نەرسە ھەققىدە ئەندىشە قىلىۋاتقان بولسىڭىز، ئۇنداقتا تەھدىت شەكىللىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

گرووۋنىڭ ئاخىرقى سىنىقى «كۈمۈش ئوق» مەسىلىسى: سىزنىڭ پەقەتلا بىر ئوقىڭىز بولسا، قەيەرگە قارىتىپ ئاتاتتىڭىز؟ ئەگەر بىر يۆنىلىشنى نىشانغا ئالغان بولسىڭىز، ئەمما تۇيۇقسىز تاپانچىڭىزنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتسىڭىز، بۇ رىقابەت مەيدانىدىكى كىچىك ئۆزگىرىشتىنمۇ چوڭراق بىر ئىشقا دۇچ كەلگەنلىكىڭىزنىڭ مۇھىم بىشارىتى بولۇشى مۇمكىن.

بىلىشكە تېگىشلىك شەخس

چىڭگىز خان (1162ـ1227): چىڭگىز خان دۇنيا تارىخىدىكى ھەرقانداق بىر ئىمپېرىيىدىن قىلىشمايدىغان بىر ئىمپېرىيە قۇردى ۋە بۇ جەرياندا 13ـئەسىردىكى ئۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، پۈتۈن ئاسىيا ۋە ياۋروپانىڭ بىر قىسمىنى بويسۇندۇردى. ئۇنىڭ رەھىمسىزلىكى بىلەن تونۇلغان نامى بىر ھەقىقەت بولسىمۇ، بۇنىڭغا بىر قەدەر زىت ھالدا، ئۇ پۈتۈن ئىمپېرىيىسىدە دىنىي جەھەتتە كەڭچىللىك قىلىش ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

تەۋسىيەلىك ئەسەرلەر:

كرىستېنسېن، «يېڭىلىق ياراتقۇچىنىڭ ئىككىلىنىشى» (Christensen, The Innovator's Dilemma).

گرووۋ، «پەقەتلا پارانويىدلار ھاياتتا قالىدۇ» (Grove, Only the Paranoid Survive)

ستارك، «تەڭرىنىڭ قوشۇنلىرى» (Stark, God's Battalions)

ئويلىنىشقا تېگىشلىك سوئاللار

1. ستراتېگىيىلىك چوڭ ئۆزگىرىش نۇقتىسى ھەمىشە ئېنىق بولمايدۇ، ئەگەر شىركەت گۈللىنىۋاتقان مەزگىلدە كەلسە ئۇنىڭغا سەل قارىلىپ قېلىشى مۇمكىن. بىر شىركەت قانداق ئەھۋالدا تىجارەتتىكى ستراتېگىيىلىك چوڭ ئۆزگىرىش نۇقتىلىرىنى بايقىيالماسلىقتەك غەپلەتتىن قۇتۇلالايدۇ؟

2. ستراتېگىيىلىك چوڭ ئۆزگىرىش نۇقتىسىنى پەن-تېخنىكىلىق، تەلىم--تەربىيىلىك ياكى سىياسىي قائىدە ئۆزگىرىشى دەپ قارىساق پايدىلىق بولىدۇ. بۇ قائىدە ئۆزگىرىشلىرىنى ئەڭ تېز بايقىغان ۋە جۈرئەت بىلەن ھەركەت قىلغان شىركەتلەر ۋە شەخسلەر تېخىمۇ ئېھتىيات بىلەن ھەرىكەت قىلغان رەقىبلىرىدىن تېخىمۇ ياخشى ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولالايدۇ. رىقابەت مۇناسىۋەتلىرىڭىزدىكى يېزىلغان ۋە يېزىلمىغان قائىدىلەرنى باھالاڭ، ۋە بۇ قائىدىلەرنىڭ سىزنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىڭىزگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى تەھلىل قىلىڭ. سىزنىڭ ھەرىكەتلىرىڭىز تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ تېخىمۇ قوللۇنىشچان ۋە مۇۋاپىق بولامدۇ، ياكى ھازىرقى قائىدىلەر چۈشەنچىسى ئىچىدە رىقابەت ئۇستۇنلۇكىگە ئېرىشىش ئۈچۈن يېڭى تەشەببۇس ياكى يېڭىدىن شەكىللەنگەن ھەرىكەت ئۇسۇلىغا ئىگە بولالامسىز؟

3. ئۆزىڭىزنىڭ ۋاقىتلىق ئۆزگىرىش نۇقتىسىنى ئويۇن قائىدىلىرى تەمىنلىگەن بوشلۇق ئىچىدە تەجرىبە قىلىپ تېپىپ چىقىشىڭىز مۇمكىن. ئالاھىدە قىممەتلىك بۇ تۆردىكى تەھلىلنى پەقەت ئاز بىر قىسمىمىزلا قىلالايدۇ. ھېچكىم قىلمىغان بۇ قائىدىلەر نېمىلەرگە يول ئاچىدۇ؟ ئەگەر بۇ بوشلۇقتىن پايدىلانسىڭىز، سىزگە ئارتۇقچىلىق ئاتا قىلامدۇ؟

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئىنگلىزچىدىن باتۇر تەڭرىقۇت تەرجىمىسى



# خىتاي مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئۇيغۇر چالغۇلىرى

زۇلھايات ئۆتكۈر

# ختاي مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئۇيغۇر چالغۇلىرى

زۇلھايات ئۆتكۈر

قىسقىچە چۈشەنچە

ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتى ئۇزۇن تارىخقا ۋە شانلىق مىراسلارغا ئىگە بولۇپ، مۇزىكا تارىخىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا، يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىدە بارلىققا كەلگەن مەركىزى ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ بولۇپمۇ، كۈسەن مۇزىكىلىرىنىڭ پۈتكۈل دۇنيا مەدەنىيىتىگە بىباھا تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن 12 مۇقام ۋە ئۇيغۇر مەشرەپ ـ نەغمىلىرى بىزگە ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىن تارىخى ئىزچىللىقىقا، شۇنداقلا زەنجىرسىمان ئۇلانغان تارىخىي قاتلاملارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇرلار ياشىغان زېمىنلاردىن ختاي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىگە تارقالغان بىر قىسىم چالغۇ ئەسۋابلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا ختايلارنىڭ ئەنئەنىۋىي چالغۇ ئەسۋابلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. بۇ خىل سازلاردىن بەرباپ، قۇمۇل غىجىكى، نەي، سۇناي، بۇرغا، بالىمان، داپ ۋە دۇمباق قاتارلىقلار بار.

بۈگۈنكى كۈندە ختاي تور سەھىپىلىرى ۋە تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدە، كۈسەن دىيارىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان چالغۇ ئەسۋابلار تەدرىجىي ھالدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى چالغۇ ئەسۋابلار بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ، «جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك سازلىرى» غا قاراپ تەرەققىي قىلغان دېيىلگەن ياكى ھەقىقەتنى پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇپ، بۇ سازلار «ختايلاردىن ئۇيغۇر دىيارىغا تارقالغان» دەپ قارايدىغان تەشۋىقاتلار ئىگىلىمەكتە.

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىمۇ بەرباپ قاتارلىق سازلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇر سەنئىتىدە ئىستېمالدىن قالغانلىقى، قومۇل غىجىكىنىڭ پەقەتلا قومۇل تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك سەنئىتىدە قوللىنىش ئەھۋالىغا قاراپ، بۇ سازلارنىڭ ئەسلى ئۇيغۇر دىيارىدىن ختايلارغا تارقالغان سازلار ئىكەنلىكىدىن خەۋەرسىز ھالدا، ئۇلارنى «ختاي چالغۇ ئەسۋابلىرى» دەپ قارايدىغان ئەھۋاللارمۇ ھەم مەۋجۇت.

شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە خىتايلار تەرىپىدىن خىتاي مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ئاجرالماس تەركىبىي قىسمى دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان، ئەسلىدە ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولغان بىر قىسىم ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ھەققىدىكى مەلۇمات ۋە قاراشلار كىتابخانلارنىڭ دىققەت-نەزەرىگە سۇنۇلىدۇ.

## ئۇيغۇر چالغۇلىرىنىڭ تارىخىي ئىزنالىرى

بىزنى ئۇيغۇر مۇزىكىسى ۋە چالغۇلىرى ھەققىدە مۇھىم ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىگەن ئەسەرلەرنىڭ بىرى خوتەندە تۇغۇلغان تارىخچى، شائىر ۋە مۇزىكانت موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆجىزىنىڭ 1854-يىلى يېزىلغان «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (مۇزىكانتلار تارىخى) ناملىق ئەسىرىدۇر. رىسالە شەكلىدە يېزىلغان مەزكۇر ئەسەرنىڭ ماقالىمىزنىڭ تېمىسىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئەسەردە قايسى خىل مۇزىكا ئەسۋابىنىڭ كىم تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان. مەسىلەن، فارابىنىڭ قالۇننى، مەۋلانە ئەلىنىڭ دۇتارنى، يۈسۈپ قىدىرخان يەركەندىنىڭ راۋاب ۋە خۇشتارنى ئىجاد قىلغانلىقىغا ئائىت مەزمۇنلارغا ئورۇن بېرىلگەن.[1] (ئادەم ئۆگەر، 2008-يىل، 9-بەت؛ گۈلزادەم قۇربان، 1990-يىل، 23-بەت)

ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ۋە يازما يادىكارلىقلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختا بەرباپ، بۇرغا، بالىمان، غوڭقا، غىجەك ۋە قوبۇز قاتارلىق چالغۇلارنىڭ ئىختىراچىلىرى ئىكەنلىكىگە پاكىت بولالايدۇ. تارىخىي ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئۇيغۇر خەلقى بىر يۈرۈش كۆيشۈناسلىق نەزەرىيىلىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، ئاھاڭنى خاتىرىلەش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلغان، شۇنداقلا ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتى يىپەك يولىنى بويلاپ، خىتاي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكى، ھىندىستان، پېرسىيە ۋە ھەتتا يىراق ئەرەب ئەللىرىگە قەدەر تەسىر كۆرسەتكەنلىكى مەلۇم.

ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارنىڭ ئىچىدە 8- 9-ئەسىرلەرگە ئائىت كۈچار تەۋەسىدىكى قۇمتۇرا، قىزىلقاغا مىڭ ئۆيلىرى بولسۇن ياكى تۇرپان بېزەكلىك تاشكېمىرلىرىدىكى تام رەسىملىرىدە بولسۇن ساز چېلىۋاتقان، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئەلنەغمىچىلەر ياكى بۇددا ھېكايىلىرىدە يارىتىلغان ئوبرازلارلاردا بىر قىسىم سازلار روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

خىتاينىڭ ئەنياڭ (安阳) دېگەن يېرىدىن تېپىلغان كومزەككە سىزىلغان رەسىمدە بېلىنى پوتىدا باغلىغان، تون كىيگەن غەربىي يۇرت سەنئەتچىلىرىنىڭ بالىمان، بەرباپ، جەللا ۋە چاۋاك چېلىپ

---

[1] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، 1997-يىل، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 174-بەت.

تەڭگەش قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشى تەسۋىرلەنگەن. ئىدىقۇت ۋە يارغولدىكى تام رەسىملىرىدە نەي ۋە ئەگرى ساپلىق قوبۇز چېلىۋاتقان كىچىك بالىلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن،2009-يىل، 325-بەت).

گېرمانىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى ۋە ئارخېئولوگلاردىن ئالبېرت ۋون لېكوك (Albert von Le Coq)، ئاۋرېل ستەيىن (Aurel Stein) ۋە ئالبېرت گرۈنۋېدېل (Albert Grünwedel) قاتارلىقلار كۇچار ۋە تۇرپان تەۋەسىدىكى بۇددىزم ۋە مانى تاشكېمىر سەنئىتىگە ئالاھىدە قىزىققان بولۇپ بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ۋون لېكوكنىڭ 1913-يىلى نەشر قىلىنغان «قوچۇ» (Chotscho) ناملىق كىتابىدا، 800-900-يىللارغا تەۋە دەپ قارالغان ئاپتور سوغدىچە (ئۇيغۇرچە) دەپ ئىزاھلىغان بىر پارچە مانى دەستۇرى پارچىسىدە، بەرباپ چېلىۋاتقان سازەندە ۋە ھاپىزلارنىڭ تەسۋىرىي رەسىممۇ ئۇچرايدۇ (لېكوك، 1913-يىل). مانى دەستۇرىدا يەنە «غوڭقاۋ، قوبۇزغا،جىڭراتقۇ» دېگەندەك قەدىمكى چالغۇلارنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن، 1997-يىل، 174-بەت)



* مەنبە: «قوچۇ» Chotscho, A.von Le Coq ناملىق نېمىس تىلىدىكى كىتابتىن ئېلىندى

13-ئەسىردە دۇنيانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى ئايلىنىپ چىققان ۋېنىتسىيەلىك سەيياھ ماركوپولو قەشقەر، يەركەند قاتارلىق ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، خوتەن ۋە قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن ئىدى: «قۇمۇللۇقلار تولىمۇ خۇشخۇي كىشىلەر، ئۇلار كۈلۈشنى ۋە ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلار چوڭقۇر مۇتەپەككۇرلەردىن ئەمەس، ۋەھالەنكى ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى مۇزىكا، يىغىپ كەلگەندە ئۇلارنىڭ بار-يوقى يەنىلا مۇزىكا، ئويىنسۇن،

كۆكۈل ئاچسۇن.[2] بۇ بىزگە ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ 13 ـ ئەسىردە ناھايىتى ئىلغار سەۋىيىدە ئىكەنلىكى ۋە خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئېلېمېنت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## خىتاي تارىخىي مەنبەلىرىدە ئۇيغۇر مۇزىكىسىغا ئائىت بايانلار

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ناملىق كىتابىدا، «كىتاب كالامى» (笔经)، «يى نەسىھەتلىرى» (易谏) ۋە «مۇزىنىڭ نەغمىنى رەت قىلىشى» (木子拒歌) قاتارلىق قەدىمكى خىتاي يازما مەنبەلىرىگە ئاساسەن، ئەڭ دەسلەپتە ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ خەن سۇلالىسى (汉代) دەۋرىدە خىتاي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن.[3]

خىتايلار «غەربىي دىيار مۇزىكىسى» (西地雅音乐) دەپ ئاتىغان ئۇيغۇر مۇزىكىسى خىتاي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىگە كىرىشتىن بۇرۇن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە پەقەتلا ئاسما ـ سوقما مىس قوڭغۇراق ئەسۋابلىرى قوللىنىلغانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن. خەن سۇلالىسى (汉代) ئوردىسىدا «يۇتىيەن نەغمىسى» (于天歌) يەنى «ئۇدۇن چوڭ نەغمىسى» (大宋大歌) ئوينالغانلىقى «غەربىي پايتەخت خاتىرىلىرى» (西都志) ناملىق يازما خاتىرىگە ئېلىنغان بولۇپ، بۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ.

خەن سۇلالىسى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، خوتەن مۇزىكىلىرى خەن سۇلالىسى ئوردىسىدا ئوينىلىدىغان بولۇشى تەسادىپىي ئەمەس. «جىننامە ـ مۇزىكا شەجەرىسى» (族谱 - 音乐史) ناملىق كىتابتا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا ئەسۋابلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن مەلۇماتلار بېرىلگەن. بۇ كىتابتا ‹جاڭ چيەن(张谦) ئەينى زامانىدا غەربىي دىياردىن داپ، بۇرغا ھەمدە ئۇنى چېلىش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تونۇشتۇرغان دەپ يېزىلغان. خەن سۇلالىسى خاقانى ۋۇدى (汉武帝) نىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن جاڭ چيەن (张谦) مىلادىدىن ئىلگىرىكى 127 ـ 135 ـ يىللىرى بىرىنچى قېتىم ؛ 115 ـ 119 ـ يىللىرى ئىككىنچى قېتىم غەربىي دىيارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىلگەن. جاڭ چيەن (张谦) غەربىي يۇرتتىن يالغۇزەك (نەي)، بۇرغا قاتارلىق سازلارنى ۋە قومۇل دىياردىن «ماجى دولى» (موقدۇر) ناملىق چوڭ مۇجەسسەم نەغمىنى چاڭئەن (长安) گە ئېلىپ بارغان. شۇندىن ئېتىبارەن، كۇسەن مۇزىكىلىرىنى

[2] Markopolo Seyahatnamesi 1, Yay. Haz: Filiz Dokuman, Tercüman 1001 Temel Eser, p. 87

[3] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، 1997ـيىل، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 174ـبەت)

ئاساس قىلغان غەربىي دىيار مۇزىكىلىرى ھەيۋەتلىك ئوركېستىر ۋە ساراي نەغمىلىرىنىڭ ئاساسى قىلىنغان.

يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسسۇلى، مۇزىكىلىرى، تىياتىر، ئۇسسۇللۇق تىياتىر، نىقابلىق ئۇسسۇل تىياتىرى، سېرىك، قىزىقچىلىق قاتارلىق سەنئەت تۈرلىرىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا كەڭ تارقالغانلىقى مەلۇم. خىتاي تارىخىي مەنبەلىرىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈشىچە، غەربىي دىيار مۇزىكىلىرى شۇ ۋاقىتلاردا خىتاينىڭ پايتەخت شەھەرلىرىدە ھەيۋەتلىك ھەربىي ئوركېستىر ۋە ساراي نەغمىلىرىنىڭ ئاساسى قىلىنغان. ئۇيغۇر چالغۇلىرىغا مەستانە بولغان پادىشاھ ۋە سەركەردىلەر ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر چالغۇلىرىدىن بۇرغا، بالىمان، داپ، دۇمباق قاتارلىقلارنى ھەربىي يۈرۈشتە ئىشلىتىلىپ، قوشۇنلىرىغا ھەيۋەت ۋە سۈر ئاتا قىلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە قوللانغانلىقى مەلۇم.[4]

خىتاي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان قەدىمكى ئۇيغۇر نەغمىلىرىدىن كۇسەن، ئىدىقۇت، ئېۋىرغول، سۇلى ۋە ئۇدۇن نەغمىلىرى قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە كۇسەن نەغمىلىرى «ساماۋى نەغمە» (天歌) دەپ تەرىپلىنىپ، سۇي ۋە تاڭ سۇلالىسى (隋唐时期) دەۋرلىرىدە خىتاي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان نەغمىلەرگە ئايلانغان ھەمدە چاڭئەن(长安)، لوياڭ (洛阳)، لياڭجۇ (凉州) قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەردە، ھەتتا چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى (江南地区) جايلاردا يۇقىرى قىممەتكە ئېرىشكەن.

كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىدىمۇ غەربىي دىيار مۇزىكا-ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ خىتاي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىدىكى شىمالىي-جەنۇبىي سۇلالىلەرگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى مەلۇم. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ مۇقام تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتىدا، كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ مەلىكىسى ئاسىنا، كۇسەن دىيارىدىن كەلگەن مۇزىكا ئۇستىسى سۇجۇپ قاتارلىق سازەندە ۋە مۇزىكا ئۇستىلىرىنى چاڭئەنگە بىللە ئېلىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىلگەن، شۇنداقلا مۇزىكا ئۇستىسى سۇجۇپنىڭ تۆھپىلىرى ئۈستىدە توختالغان.

سۇجۇپ 6-ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن كۇچارلىق مۇزىكا نەزەرىيەچىسى بولۇپ، ئۇ خىتاي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىدە مۇزىكا ئىلمى نەزەرىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. قەدىمكى

[4] ئەخمەت ئىمىن، 2010-يىل، «كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشى ۋە سۇجۇپ-ئاقارى توغرىسىدا»، كۇسەن مەدەنىيەت ژۇرنىلى، 2010-يىللىق 6-سان، 19-بەت.

ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ جەۋھىرى بولغان «12 رېتىملىق كۈي قانۇنىيىتى» خىتاي مۇزىكا سىستېمىسىغا قوبۇل قىلىنىپ، خىتاي مۇزىكا تارىخىغا مىسلىسىز يېڭىلىق كەيپىياتى ئېلىپ كەلگەن.

خىتايلار تاڭ سۇلالىسى (唐朝) دەۋرىنى ئالتۇن دەۋر دەپ تەرىپلەيدۇ. تارىخىي مەنبەلەردە بايان قىلىنىشىچە، بۇ دەۋردە بەش مىڭدىن ئارتۇق سەنئەتكار بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مۇزىكىلىرى سىستېمىلاشتۇرۇلغان ۋە ناخشىلار تۈرگە ئايرىلىپ ئىسىم بېرىلگەنلىكى مەلۇم.[5]

خىتاي سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى يالغۇز يۇقىرى قاتلامدىكى خانلىق تەبىقە ئارىسىدىلا تارقىلىپ قالماي، يەنە ئاۋام پۇقرالار ئارىسىدىمۇ ئومۇملاشقان. ئۇيغۇر ئەلنەغمىچىلىكىنىڭ ۋە ئۇنىڭ جەۋھىرى بولغان ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىنىڭ خىتايلار ئارىسىدىكى ئىناۋىتى ۋە يۇقىرى شۆھرىتىنى خىتاي شائىرلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يازغان شېئىرلىرىدىن ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ:

" ناخشا بىلەن تەڭ ئۇسسۇلغا چۈشتى ئۇيغۇرلار راۋان،

قاشلىرى ھەم سېكىلەكلەر ياڭزىسى يۈز خىل ئايان؛

داپ چېلىپ چىقسا ئۇلار ئالتە ياندىن ئات مىنىپ،

ئۇچرىشىپ ئوينار ئىغاڭلاپ مەست كىشىدەك ھەر تامان."[6]

خۇلاسە قىلغاندا ئۇيغۇر مۇزىكىسى ۋە چالغۇلىرىنىڭ خىتاي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىگە بولغان تەسىرى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلانغان ۋە سۈي، تاڭ، جۇ سۇلالىلىرى شۇنداقلا قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرلىرىدىمۇ داۋاملىشىپ تۇرغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا قوللانغان چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ سانى يەتمىش خىلدىن ئاشىدىغانلىقى مەلۇم بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە قىرىق نەچچە خىل چالغۇ ئەسۋابلىرى مەۋجۇت.[7] مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئىلگىرى قوللانغان «ئۇد» دەپ ئاتىلىدىغان ساز ھازىر پەقەتلا ئەرەب ۋە ھىندى مۇزىكىلىرىدىلا

---

5 مۇھەممەت زۇنۇن، ئابدۇكېرىم راخمان، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسلىرى»، 1982-يىل، 270-277-بەتلەر.

6 سەيپىدىن ئەزىزى، «ئۇيغۇر مۇقاملىرى ھەققىدە»، 1992-يىل، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 12-بەت.

7 Mustafa Arslan, Adem Öger.(2008). Uygur Türklerinde Bazi Çalgilar ve Çin Kültürüne Etkisi,*Türk Dünyası _ncelemeleri Dergisi / Journal of Turkish World Studies*,p.14

ساقلىنىپ قېلىپ، ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىدىن غايىپ بولغان سازلارنىڭ بىرى. قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە «ئۇد» دەپ ئاتالغان، خىتاي تارىخ مەنبەلىرىدە خاتىرىلەنگەن رۇئەن شيئەن (阮咸) تارلىق ساز ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئوتتۇرا شەرق رايونلىرىدىن تېپىلغان قېزىلمىلاردىمۇ يىل دەۋرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2-ئەسىرگە تەۋە ئۇد بايقالغان. ھازىر برىتانىيە مۇزېيىدا نىيە خارابىلىقىدىن تېپىلغان پەقەت سېپىلا قالغان بىر دانە ئۇد پارچىسى بولۇپ، چۈشەندۈرۈشتە تۆت تارلىق ياكى ئۇد بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىنغان.



* برىتانىيە مۇزېيى، ستەيىن كوللېكسىيونى، نىيەدىن تېپىلغان ئۇد پارچىسى

ئۇيغۇرلاردىن خىتاي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان ۋە بۈگۈنكى كۈندە خىتايلار كەڭ قوللىنىۋاتقان ئاساسلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى تۆۋەندىكىچە:

بەرباپ

بەرباپ بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىچىدە چەكمە چالغۇلار تۈرىگە كىرىدىغان ساز بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى دەۋرلەردىن باشلاپ، ئۇيغۇر سەنئىتىدە كۆپ قوللىنىلمىغان. بەرباپ خىتايچىدە «پىپا» (琵琶) دەپ ئاتالغان ۋە خىتاي ئەنئەنىۋي ناخشا-مۇزىكىسىدا ئالدىنقى قاتاردا تىلغا ئېلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. بەرباپ ياكى باربۇد دەپ ئاتالغان بۇ سازنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە تۈرلۈك قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ، بەزىلەر ئۇنى پارسلارنىڭ ئىجادىيىتى دېسە، بەزىلەر «باربۇد» سۆزى سانسكرىت تىلىدىكى **bharbu** دىن كېلىپ چىققان، شۇڭا ھىندىلارنىڭ كەشپىياتى دەپ قارايدۇ.



* قىزىل مىڭئۆي غارىدىكى بەش تارلىق بەرباپ رەسمى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ كۆرسىتىشىچە، مىلادىيە 3-ئەسىردە ياشىغان تىلشۇناس لىيۇ شى (刘石) نىڭ «ئاتالغۇلار ئىزاھاتى» (术语注释) ناملىق كىتابىدا، بەرباپنىڭ ئەسلى ۋەتىنى خۇرلار ۋەتىنى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ چالىدىغان ساز ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، خىتاي مەنبەلىرىدە «خۇرلار» ياكى «خۇلار» (胡) دەپ خاتىرىلەنگەن خەلقلەر دەل بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرگەن تەركىبلەردىن بىرىدۇر.

ئاتالمىش خىتاي مۇزىكا تەتقىقاتچىلىرى بەرباپنى «خىتاي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىدىن غەربىي دىيارغا كىرگەن» ياكى «بەرباب ئەزەلدىنلا خىتاي سەنئىتىگە مەنسۇپ چالغۇ ئەسۋابى» دەپ داۋراڭ سېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما شەرقىي تۈركىستاندىن تېپىلغان قەدىمىي ئىزلار بەرباپنىڭ تەۋەلىكىنى يورۇتۇپ بېرىشتە كۈچلۈك ئاساسلار بىلەن تەمىن ئەتمەكتە. خىتايلار كۈچىنىڭ بېرىچە ئىنكار قىلسىمۇ، خىتاي تارىخىي مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «كۇسەن پىپاسى» دەل قەدىمكى كۇسەن نەغمىلىرىدە كەم بولسا بولمايدىغان بەرباپنىڭ ئۆزىدۇر. ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلاردىن قارىغاندا، بەرباپنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكىللىرىدىن ئۈچ تارلىق، تۆت تارلىق ۋە بەش تارلىق شەكىللىرى بولغان. بەرباپقا ئائىت يازمىلار، رەسىم، ساپال ھەيكەللەر، تاشكېمىر رەسىملىرى ئىنتايىن كۆپ بولسىمۇ، لېكىن قېزىۋېلىنغان ماددىي بۇيۇملار ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ.



* خوتەن يوتقان خارابىسىدىن تېپىلغان، يىل دەۋرى 3ـ 1ـ ئەسىرلەرگە تەۋە ساپالدىن ياسالغان سازەندە مايمۇن ھەيكىلى، ھازىر بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيى ئۆرېل ستەيىن يىغمىسىدا ساقلانماقتا. مەنبە: © The Trustees of the British Museum

بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدا ئارخېئولوگ ئاۋرېل ستەيىن (Aurel Stein) ئېلىپ كەلگەن قەدىمكى خوتەننىڭ يوتقان، نىيە ۋە قادالىق قاتارلىق جايلىرىدىن قېزىۋېلىنغان بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر تۈركۈم مايمۇن قىياپەتلىك سازەندىلەر ۋە قىزىقچىلارنىڭ ساپال ھەيكەللىرى كىشىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. بۇ خىل ساپال ھەيكەللەردە بەرباپ، نەي، بالىمان، داپ ۋە غوڭقا چېلىۋاتقان قىياپەتلەر گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

2006ـ يىلى خوتەن چىرا ناھىيەسىنىڭ داماكۇ يېزىسىدىن قېزىۋېلىنغان ئۈچ تارلىق ئەگرى دەستىلىك بەرباپ ھازىرغىچە ئەڭ ياخشى ساقلانغان، يىل تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بەرباپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ بەرباپنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيە 7ـ 8ـ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ مىسال ئۈچ تارلىق بەرباپنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا ئۇيغۇرلارغا خاس چالغۇ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىر پاكىتتۇر.



* خوتەن داماكۇدىن تېپىلغان بەرباپ، مەنبە: Baidu image

ئۇزاق تارىخي جەريانلاردا بەرباپنىڭ چېلىش ئۇسۇلى ۋە شەكلىمۇ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىسلاھ قىلىنىپ، ئەسلىدىكى يانتۇ چېلىش ھالىتىدىن تىك تۇتۇپ چېلىش ھالىتىگە، ئەگرى ساپلىق شەكلىدىن تىك ساپلىق شەكلىگە، زەخمەك بىلەن ئۇرۇپ چېلىشتىن بارماق بىلەن چېلىشقا ئۆزگەرگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىدە ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇب ۋە مۇۋەپپەقىيەت ياراتقانلىقى ئۇيغۇر دىيارىدىن تېپىلغان قەدىمكى يادىكارلىقلاردا كۆپ تەرەپلىمە ئىسپاتلانغان تارىخي پاكىتلار بولۇپ، بەرباپ ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىدۇر.

## قومۇل غىجەكى

غىجەك خىتاي تىلىدا ئېرخۇ (二胡) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، «خۇلارنىڭ ئىككى تارلىق سازى» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئىسمىدىنلا مەلۇمكى، خىتاي تىلىدىكى «胡 خۇ» سۆزى «ھون، ھۇن» سۆزىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاھاڭ تەرجىمىلىرىدىن بولۇپ، تارىخي مەنبەلەردە ھونلار، تۈرك قەبىلىلىرى ۋە كۆپىنچە تاڭ دەۋرىدىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتەتتى. مەسىلەن، توققۇز ئۇيغۇر مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان خۇيخۇ ((回鹘 ئاتالغۇسى. خىتاي يازغۇچىسى يەن يىنلۇ (寅禄 严) نىڭ «خىتاي مۇزىكا تارىخى» (中国音乐史) ناملىق ئەسىرىدە قەدىمكى خىتاي سۇلالىسىدىكى خۇ مۇزىكىسى(خۇيۆ 胡乐) نىڭ غەربىي يۇرتتىكى تۈرك مۇزىكىسىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئىزاھلانغان.[8]

## غوڭقا

غوڭقا ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ ئىپتىدائىي ئۇيغۇر چالغۇسى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا ئىشلەتكەن ئوقياغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان چەكمە چالغۇدۇر. مىلادىيەنىڭ ئالدى-كەينىدە غوڭقىنىڭ تارى بىر تالدىن كۆپ تالغا كۆپەيتىلىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇلغان.[9]

---

[8] Ferhat Kurban TANRIDAĞLI, 2018, Uygur-Türk Müziğinin Çin Müziğine Etkileri Üzerine, *Uluslararası Uygur Araştırmaları Dergisi* 2018/11, P.31-35.

[9] تۇرسۇنجان لېتىپ، ئىلشات تۇرسۇن، 2006-يىل، ئۇيغۇر چالغۇلىرى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 5-بەت.

غوڭقا خىتاي تىلىدا كوڭخۇ ( 箜篌) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، تۇرپان ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى چەرچەن تەرەپلەردىن تېپىلغان قەدىمىي قەبرىستانلىقلاردىن سىمى ئۈزۈلۈپ كەتكەن تىل شەكىللىك غوڭقا مودېللىرى تېپىلغان. بۇ غوڭقىلارنىڭ يىل دەۋرى 2500ـ3000 يىلغىچە دەپ كۆرسىتىلگەن.

خىتاي تارىخىي مەنبەلىرىدە تىك شەكىللىك غوڭقىنى غەربىي ئاسىيادىن غەربىي يۇرتقا تارقالغان، كېيىنچە ۋېي (魏)، جىن (晋) سۇلالىرى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يېتىپ كەلگەن، ئەگمە شەكىللىك غوڭقىنى بولسا 7ـئەسىرلەردە قەدىمكى ھىندىستاندىن غەربىي يۇرتقا تارقالغانلىقى، كۇسەن مۇزىكانتلىرىنىڭ ئەسلىدىكى 14 تارىلىق غوڭقىنى 10 تارىلىق غوڭقىغا ئۆزگەرتىپ ئىسلاھ قىلىنغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

«مىڭ ئۆي تام رەسىملىرى» دە بۇ خىل غوڭقىلار ناھايىتى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. 38ـنومۇرلۇق قىزىل مىڭ ئۆي غارىدا سول قولىدا غوڭقا تۇتۇپ ئوڭ بارمىقى بىلەن تارنى ئىلىپ چېلىۋاتقان «ئەرش نەغمىسى» سازەندىسىنىڭ رەسمى ناھايىتى مۇكەممەل ھالەتتە ساقلانماقتا.



* غوڭقا چېلىۋاتقان تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەسۋىرىي رەسىمى



* چەرچەن زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان 3000 يىل بۇرۇنقى، سىملىرى غايىپ بولغان غوڭقا

سۈي سۇلالىسى (隋朝) ئەلچىسى ۋاڭ يەندى (王延迪) 10-ئەسىردە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە ئۇيغۇر مۇزىكا ئەسۋابلىرى ھەققىدە بىر قىسىم بايانلار ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي رېئاللىقنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. ۋاڭ يەندى (王延迪) خاتىرىسىدە «ئۇلارنىڭ بايلىرى ئات گۆشى ئىستېمال قىلىدۇ، مۇزىكىغا كەلسەك 'كۇڭخۇ' دەپ ئاتىلىدىغان چالغۇنى ياقتۇرىدۇ» دەپ يازغانىدى. دەرۋەقە «غوڭقا» فىرانسۇز ئالىمى پېللىئوت (Paul Eugène Pelliot) ئۆزى گىتار دەپ ئىزاھلىغان مۇزىكا ئەسۋابىنىڭ تۈرك قوبۇزى ئىكەنلىكى ۋە qungqaɣu دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى، شەك-شۈبھىسىزكى خىتاي تىلىدىكى «كوڭخوۋ» (箜篌 ) بىلەن بىر سۆز ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى.[10]

سۇرناي

سۇرناي تەخمىنەن مىلادىيەنىڭ ئالدى-كەينىدە بۇرغا قاتارلىق قەدىمكى چالغۇلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. خىتاي تارىخنامىلىرىدە ئېنىق ھالدا ئۇيغۇر تىلى تەلەپپۇزى بىلەن سۇئېرنەي (苏尔奈) دەپ خاتىرىلەنگەن. تارىختىن بۇيان جەڭ مەيدانلىرىدا قوللىنىلىپ كەلگەن سۇرناي ۋە داقا-دۇمباقلار كېيىنچە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر پارچىسى سۈپىتىدە تۈرلۈك ھېيت-بايرام، توي-تۆكۈن مۇراسىملىرىدە تەنتەنىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە كەڭ قوللىنىلىدىغان سازلار

---

10 10 İzgi Özkan.(1989). Çin Elçisi Wang Yen Te'nin Uygur Seyahatnamesi. Türk Tarih Kurumu Basim Evi, Ankara,p.55.

قاتاردىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە. سۇرنايىنىڭ ختاي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىگە تارقالغان دەۋرى بىرقەدەر ئىلگىرى بولۇپ، مىلادىيە 3-ئەسىرلەردە يىپەك يولى ۋاستىسى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان.

## نەي

ئەڭ قەدىمكى نەي ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرىدىن ياسالغان ئىككى ياكى ئۈچ تۆشۈكلۈك نەي بولۇپ، تۈرك ۋە ھون چارۋىچىلىرىنىڭ چالغۇسى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. كېيىنچە قومۇشتىن، بامبۇكتىن ۋە مېتالدىن ياسىلىدىغان بولۇپ تەرەققىي قىلغان. نەيىنىڭ يانتۇ پۈۋلەپ چالىدىغان سىبىزغۇ دەپ ئاتىلىدىغان تۈرى ۋە تىك تۇتۇپ پۈۋلەپ چالىدىغان بالىمان دەپ ئاتىلىدىغان تۈرلىرى بار. بالىمان «قالۇنلار قامۇسى» دا ختايچە «بىلى» (筚篥) دەپ ئاتالغان. مىڭ ئۆي تام رەسىملىرىدە بالىمان تەسۋىرى ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. تۇرپان بېزەكلىك تاشكېمىر رەسىملىرىدە قوش بالىمان چېلىۋاتقان سازەندە رەسىممۇ ساقلانغان.

ختاي مەنبەلىرىگە ئاساسەن،كۇسەن دىيارىدىكى يانتۇ نەينىڭ تارىخى مىلادىيە 4-ئەسىرگە تۇتىشىدىكەن. ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە بەش تارىلىق بەرباپ بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغانلىقى خاتىرىلەنگەن.



* قىزىل مىڭئۆي 38-غاردىكى يانتۇ نەي چېلىۋاتقان سازەندە

تاڭ دەۋرى مەنبەلىرىدە ختاي كىلاسسىك شائىرلىرىنىڭ بەرباپ، داپ، نەي ۋە بالىمانغا ئوخشاش ئۇيغۇر مىللىي چالغۇلىرى ۋە نەغمىلەر ھەققىدە يازغان شېئىرلىرى ساقلانغان. لى چى (李赤)

ئىسلاملىق شائىر ئۇيغۇر بالىمانچىلىرىنىڭ مۇڭلۇق ئاھاڭدا چالغان مۇزىكىلىرىنى مۇنۇ مىسرالارغا يىغىنچاقلىغان:

جەنۇب تاغ قومۇشىدا ياسىلىدۇ بالىمان،

بۇ مۇزىكا ئەسلىدە كۇسەن شەھىرىدىن چىققان.

غارايىپ بوپ ئۆزگەردى خەن يېرىدا كۈيلىرى،

ئۇنى لىياڭجۇ ئۇيغۇرى چالىدۇ بىزگە بۇئان.

ياندا تۇرۇپ ئاڭلىغان كىشىلەر پەرياد چەكسە،

يۇرت سېغىنغان مۇساپىر كۆزلىرىدە ياش راۋان.[11]

دۇمباق

خىتاي تارىخىي خاتىرىلىرىدىن «مۇزىكا تارىخى» (音乐史) دا، ۋېيى(魏) ، جىن (晋) سۇلالىلىرى ۋە شۇەنۋۇ (宣武) يىللىرىدىن باشلاپ خۇ (胡) مۇزىكىلىرىنىڭ ئەۋجىگە چىققانلىقى، بولۇپمۇ بەرباپ (琵琶)، بەشتار ياكى راباب (五弦)، غوڭقا (箜篌)، خۇ دۇمبىقى (胡鼓 )، دۇمداپ (锣 ) قاتارلىق چالغۇ ئوركېسترلىرى بىلەن خۇ (胡) لارنىڭ ئۇسسۇللىرى بىرلەشسە يەر-جاھان زىل-زىلىگە كېلىپ كەتكەندەك بولىدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.[12]

سوقما چالغۇلاردىن قەدىمكى تۈرلىرىدىن تەبىلۋاز (腰鼓)، جاللا (铜钹)، دارا دۇمباق (答腊鼓)، كېش ناغرىسى (羯鼓)، چوڭ دۇمباق (大鼓) قاتارلىق سازلار خىتايلار غەربىي يۇرت دەپ ئاتىغان ئۇيغۇر ئېلىدىن خىتاي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىگە تارقالغان. قىزىل مىڭئۆي، قۇمتۇرا مىڭ ئۆيى قاتارلىق تاشكېمىر رەسىملىرىدە داپ، دۇمباق ۋە ناغرا تەسۋىرلىرى ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

---

11 11 ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، 1997-يىل، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 135-بەت.

12 苗利辉，龟兹乐器考，中国音乐， 2024/5



* قىزىل مىڭئۆي 224-غاردىكى تەبلۋاز چېلىۋاتقان سازەندىنىڭ تاشكېمىر تەسۋىرىي رەسىمى

خۇلاسە

بۇددا دىنى، نېستورىيان دىنى، خىرىستىيان دىنى، زوروئاستىر دىنى، مانى دىنى، ئىسلام دىنى ۋە بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئېقىم پىكىرلەر ۋە سەنئەت نامايەندىلىرىنىڭ ھەممىسى تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا ئۇيغۇرلار ياشىغان ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدىن، سوغدىلاردىن ۋە بىر قىسىم ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىدىن خىتاي تۇپراقلىرىغا تارقالغان. شۇلارنىڭ قاتارىدا بۈگۈنكى كۈندە «ئەنئەنىۋى خىتاي مۇزىكىسى» دەپ تەرىپلىنىۋاتقان چالغۇ ئەسۋابلىرىمۇ ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا ياكى ھىندىستاندىن تارقالغان.

2000-يىللاردىن كېيىن خىتاي مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ ئورگان تور بېتىدە «ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مۇزىكىلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتكە ئىگە» دېگەندەك سەپسەتىلەر ئورۇن ئالغان. تارىخچى جەيمىس مىلۋارد (James Millward ) ئىلگىرى بۇ ھەقتە مۇنداق كۆرسەتكەن ئىدى: «خىتاي تەتقىقاتچىلىرى دائىم تاڭ سۇلالىسى مۇزىكىلىرى بىلەن ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقنى تەكىتلەيدۇ، ھەتتا ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى خەن سۇلالىسىگە باغلايدۇ،

شۇڭا ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خىتايلار بىلەن ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ئۆزگىچە مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيىتى، دەپ قارايدۇ.»[13]

ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرىنى خىتاي مەنبەلىك تارىخقا باغلاش قىلمىشى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يوقىتىش ياكى خىتاي مەدەنىيىتىگە قوشۇۋېتىش ستراتېگىيەسىنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، خالاس.

## مەنبەلەر:


https://mp.weixin.qq.com/s?__biz=MzI5NDkxMjQ2NQ==&mid=2247513345&idx=1&sn=0e88d3f953a0fd5f41addb9a049e1e5d&chksm=edb1489bba4ab7ff17dbc100b0fc8b5f674e9c369c24158d169ea21913d380dae21ead66ab94&scene=27

https://edspace.american.edu/silkroadjournal/wp-content/uploads/sites/984/2017/09/Uyghur-Art-Music.pdf

Arslan, Mustafa, Öger,Adem.2008. Uygur Türklerinde Bazi Çalgilar ve Çin Kültürüne Etkisi

İzgi,Özkan.1989.Çin Elçisi Wang Yen Te'nin Uygur Seyahatnamesi. Türk Tarih Kurumu Basim Evi, Ankara

Markopolo Seyahatnamesi 1, Yay. Haz: Filiz Dokuman, Tercüman 1001 Temel Eser, p. 87.

Millward, James.A. 2017, Uyghur Art Music and the Ambiguities of Chinese Silk Roadism in Xinjiang, American University, p.9-15.

Kurban, Ferhad TANRIDAĞLI, 2018, Uygur-Türk Müziğinin Çin Müziğine Etkileri Üzerine, Uluslararası Uygur Araştırmaları Dergisi 2018/11

苗利辉，龟兹乐器考，中国音乐， 2024/5

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، 1997-يىل، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئەخمەت ئىمىن، 2010-يىل، «كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشى ۋە سۇجۇپ-ئاقارى توغرىسىدا»، كۇسەن مەدەنىيەت ژۇرنىلى، 2010-يىللىق 6-سان


[13] James A. Millward, 2017, Uyghur Art Music and the Ambiguities of Chinese Silk Roadism in Xinjiang, American University, p.9-15.

مۇھەممەت زۇنۇن، ئابدۇكېرىم راخمان، 1982 ـ يىل ,«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسلىرى»

سەيپىدىن ئەزىزى، «ئۇيغۇر مۇقاملىرى ھەققىدە» ، 1992 ـ يىل، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى

تۇرسۇنجان لېتىپ، ئىلشات تۇرسۇن، 2006 ـ يىل، ئۇيغۇر چالغۇلىرى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



# -ئاسارەت نەسلدىن-نەسلگە ئىرسىيەت بولۇپ قالامدۇ؟



مارسا خېنرىكس

# ئاسارەت نەسلدىن ـ نەسلگە ئىرسىيەت بولۇپ قالامدۇ؟

مارسا خېنرىكس

ئەۋلادلىرىمىز بىزدىن ۋارىسلىق قىلىدىغان گېننىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ئەمما يېڭى تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك ياكى زوراۋانلىق كەچۈرمىشلەرنىڭمۇ تەسىرى قالىدىكەن.

1864 ـ يىلى، ئامېرىكا ئىچكى ئۇرۇشى ئاخىرلىشىشقا ئاز قالغاندا، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئەسىرلەر لاگېرىنىڭ شارائىتى ئەڭ ناچار ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. بەزى لاگېرلاردا شۇنداق قىستاڭچىلىق بولغان ئىدىكى، شىمالدىكى ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ھەر بىرىگە پەقەتلا بىر قەبرىچىلىك كۆلەمدىكى يەر تەككەن، ئەسىرلەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى شىددەت بىلەن ئېشىپ كەتكەن.

بۇ ئازابلىق كەچۈرمىشلەر ھايات قالغانلارنىڭ پسىخىكىسىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان بولۇپ، ئۇلار نورمال ھاياتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئەينى چاغدىكى ئاسارەتلەر ئۇلارنىڭ فىزىئولوگىيەلىك ۋە پسىخىكىلىق ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتىپ، نورمال خىزمەت قىلىش ئىقتىدارى چەكلىمىگە ئۇچرىغان، ھەمدە ئۆمرىمۇ قىسقا بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشۇ روھى ئازابلارنىڭ تەسىرى ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەنلا كەتمەي، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغىمۇ ئىرسىيەت بولۇپ قالغان، يەنى ئەر جەمەتى ئارقىلىق شۇ ئائىلىدە داۋاملاشقان.

گەرچە ئاشۇ چاغدىكى ئەسىرلەرنىڭ ئەۋلادلىرى لاگېردىكى ئازاپلارنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرمىگەن، ھەمدە بالىلىق دەۋرىدىن ياخشى تۇرمۇش شارائىتىدا چوڭ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆمرى باشقىلارغا سېلىشتۇرغاندا قىسقا بولغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەسىرلەرنىڭ روھى ئازابلىرى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا مىراس قالغان.

قانداقلا بولمسۇن، كۆپىنچە ئىرسىيەت كېسەللىكلىرىگە ئوخشىمايدىغىنى، بۇ خىل ئەھۋال گېن كودىنىڭ ئۆزىنىڭ تۇساتتىن ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىقمىغان. تەتقىقاتچىلار ئىرسىيەتنىڭ تېخىمۇ مۇجەمەل بىر تۈرىنى تەتقىق قىلىپ چىققان، يەنى بىر كىشىنىڭ ھاياتىدىكى ۋەقەلەر ئۇنىڭ DNA سىدا قانداق ئىپادىلىنىدىغانلىقى ۋە ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقى، كېيىنكى نەسلىگە قانداق كۆچىدىغانلىقى قاتارلىق.

بۇ گېننىڭ ئوقۇلۇشچانلىقى ياكى ئىپادىلىنىشى DNA كودىنىڭ ئۆزىنى ئۆزگەرتمەيلا ئۆزگەرتىلىدىغان ئېپىگېنېتىكا جەريانىدۇر. كىچىككىنە خىمىيىلىك بەلگىلەر مۇھىتىمىزنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن DNA غا قوشۇلىدۇ ياكى چىقىرىۋېتىلىدۇ. بۇ بەلگىلەر گېننى ئاچالايدۇ ياكى ياپالايدۇ، ئۆزگىرىشچان شارائىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن، گېنلىرىمىزغا مەڭگۈلۈك ئۆزگىرىش پەيدا قىلمايدىغان ئۇسۇل بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مۇبادا ھاياتلىق جەريانىدا ئېرىشكەن بۇ ئېپىگېنېتىك ئۆزگىرىشلەر ھەقىقەتەنمۇ كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆچسە، بۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. ھاياتىڭىزدىكى باشتىن كەچۈرگەن ئىشلار، بولۇپمۇ روھى ئازابلار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئائىلىڭىزگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. كۆنسېرى كۆچىيىۋاتقان تەتقىقات گەۋدىسىروھى ئازابنىڭ ئېپىگېنېتىكا ئارقىلىق ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىدىغانلىقى توغرىسىدىكى قاراشنى قوللايدۇ.

ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر لاگېرلىرىدىكى ئەسىرلەر ئۈچۈن، بۇ ئېپىگېنېتىك ئۆزگىرىشلەر قاتتىق قىستاڭچىلىق، ناچار تۇرمۇش شارائىتى ۋە ياخشى ئوزۇقلانماسلىقنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئەرلەر ئازغىنا قوناق بىلەن ھايات قېلىشقا تىرىشقان. نۇرغۇن كىشىلەر ئىچ سۈرۈش ۋە يەلتاشما كېسىلى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن.

كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى لوس-ئانجېلىس شۆبىسىنىڭ ئىقتىسادشۇناسى ۋە تەتقىقاتچى دورا كوستا (Dora Costa) «ئۇ قاتتىق ئاچارچىلىق مەزگىلى بولۇپ، ئەرلەر خۇددى تىرىك مۇردىغا ئايلىنىپ قالغان» ، دەيدۇ.

«ئەسىرلەرنىڭ ئوغۇل پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى، ئەسىر بولمىغان كونا ئەسكەرلەرنىڭ ئوغۇل پەرزەنتلىرىگە قارىغاندا 11% يۇقىرى بولغان».

كوستا ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى ئەسىر بولغان دادىلارنىڭ تەخمىنەن 4,600 ئوغۇل پەرزەنتىنىڭ ساغلاملىق خاتىرىلىرىنى، ئۇرۇشتا ئەسىر بولمىغان 300 ,15 دىن ئارتۇق كونا ئەسكەرنىڭ ئوغۇل پەرزەنتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان.

تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە ئەسىرلەرنىڭ ئوغۇل پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى، ئەسىر بولمىغان كونا ئەسكەرلەرنىڭ ئوغۇللىرىغا قارىغاندا 11% يۇقىرى بولغان. باشقا ئەھۋاللار يەنى دادىنىڭ ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ئورنى بىلەن ئوغۇلنىڭ كەسپىي ھەم نىكاھ ئەھۋالى قاتارلىقلار بۇ يۇقىرى ئۆلۈم نىسبىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەن.

بۇنداق يۇقىرى ئۆلۈم نىسبىتىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى بولسا چوڭ مېڭە قاناش نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن كېلىپ چىققان. ئەسىرلەرنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ راك كېسىلى سەۋەبىدىن ئۆلۈش نىسبىتىمۇ سەل يۇقىرى بولغان. ئەمما ئۇلارنىڭ قىز پەرزەنتلىرى ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچرىمىغان.

جىنسقا باغلىق بولغان بۇنداق غەيرىي ئەندىزە، كوستانى بۇ ساغلاملىق پەرقلىرىنىڭ ئېپىگېنېتىك ئۆزگىرىشلەردىن كېلىپ چىققانلىقىدىن گۇمانلاندۇرغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئەمما كوستا ۋە ئۇنىڭ گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئالدى بىلەن بۇنىڭ ئىرسىيەت تەسىرى ئىكەنلىكىنى يوققا چىقىرىشى كېرەك ئىدى.

كوستا: «دادىنىڭ سېمىزرەك بولۇشى ئۇلارنىڭ لاگېردا ھايات قېلىشىغا پايدىلىق بولغان ئىرسىيەت ئالاھىدىلىكى بولسا، نورمال ئەھۋالدا پايدىسىز بولىدۇ» مۇنداق دەيدۇ. ئۇ يەنە «ھالبۇكى، ئانالىسىدىكىلەرنى كۆزەتكەندە، پەقەت ئۇرۇشتىن كېيىن تۇغۇلغان ئوغۇللارلا بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئۇرۇشتىن بۇرۇن تۇغۇلغانلاردا ھېچقانداق تەسىر كۆرۈلمىگەن» دەيدۇ.

ئەگەر بۇ ھەقىقەتەن ئىرسىيەت سەۋەبىدىن بولسا، ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن تۇغۇلغان باللارنىڭ ئوخشاشلا ئۆمرى قىسقا بولۇشى كېرەك. ئەگەردە ئىرسىيەت سەۋەبى نەزەردىن ساقىت قىلىنغاندا ئەڭ مۇۋاپىق بولغان چۈشەندۈرۈش شۇكى ئېپىگېنېتىك تەسىر بولۇشى مۇمكىن.

كوستا: «پەرەز شۇكى، Y خروموسومىغا ئېپىگېنېتىك تەسىر پەيدا قىلىدۇ» دەيدۇ. بۇ ئۇنۇم شۇۋېتسىيەنىڭ يىراق يېزىلىرىدىكى تەتقىقاتلار بىلەن بىردەك بولۇپ، يەنى ئۇ يەردە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك ئەرلەرگە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تەسىر كۆرسەتكەن، ئەمما ئاياللارغا ھېچقانداق تەسىرى بولمىغان.

بۇنداق ئۆلۈم خەۋپىنىڭ ئېشىشى، دادىنىڭ ئاسارەت چەككەنلىك سەۋەبىدىن پەيدا بولغان، DNA بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولسىچۇ؟ ئاسارەت چەككەن دادىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى خارلاش، زۇلۇم قىلىش ئېھتىماللىقى تېخىمۇ يۇقىرى بولۇپ، بۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك ساغلاملىق ئاقىۋەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغۇللار قىزلارغا قارىغاندا بۇنداق زىيانكەشلىككە كۆپرەك ئۇچرىغان بولسىچۇ؟

«ئەسىر بولۇشتىن ئىلگىرى تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى يۇقىرى بولمىغان، ئەمما ئوخشاش ئەرلەرنىڭ ئەسىرلىكنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن تۇغۇلغان ئوغۇللىرىدا ئۆلۈم نىسبىتى يۇقىرى بولغان».

ئائىلىدىكى پەرزەنتلەرنىڭ ساغلاملىقىنى قايتا تەكشۈرۈش بۇ پىكرىنى رەت قىلىشقا ياردەمچى بولدى. دادىلىرى ئەسىر بولۇشتىن بۇرۇن تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى يۇقۇرى ئەمەس، ئەمما ئەسىرلىكنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن تۇغۇلغان ئوغۇل پەرزەنتلەرنىڭ ئۆمرىنىڭ قىسقا بولۇش نىسبىتى يۇقىرى بولغان.

كوستا: «بۇ، مۇمكىنچىلىكى بار باشقا تاللاشلارنى رەت قىلىش مەسىلىسى بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا باشقا پەرەزلەرنى شاللاش ئارقىلىق، ئەڭ ماس كېلىدىغان ئىزاھاتنى تېپىش بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ»، دەيدۇ.

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا، ئەسرا ئىنسانلارنىڭ ئېپىگېنېتىكىسى ئارقىلىق ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا كۆچىدۇ، شۇنداقلا تارىختىكى ئەڭ قاراڭغۇ دەقىقىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىلىدۇ. يەنى ئۇرۇش، ئاچارچىلىق ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئېپىگېنېتىك ئىز قالدۇرىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

بەزى تەتقىقاتلار باشقىلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ مۇنازىرە قوزغىغان. 2015-يىلى ئېلىپ بېرىلغان بىر تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، چوڭ قىرغىنچىلىق (Holocaust) تا ھايات قالغان بالىلارنىڭ گېنىدا بېسىمغا قارشى ئىنكاس بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھورمون كورتىزولنىڭ سەۋىيىسىدە ئېپىگېنېتىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان.

مونت سىناي (Mount Sinai) تىببىي ئىنستىتۇتى ئاسارەت، روھىي بىىسم تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، تەتقىقات يېتەكچىسى رەيچىل يەھۇدا (Rachel Yehuda): «سىگنال بېرىش ئۇقۇمى، ئاسارەت چەككۈچىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىدىكى ئېپىگېنېتىك بايقاش نۇرغۇن نەرسىلەردىن دېرەك بېرىدۇ، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەقىقەتەن كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدۇ»، دەيدۇ.

بۇ تەتقىقاتنىڭ كۆلىمى كىچىك دائىرىدە بولۇپ، پەقەت چوڭ قىرغىنچىلىقتىن ھايات قالغان 32 كىشى ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرىدىن جەمئىي 22 كىشىنى تەتقىق قىلغان. تەتقىقاتچىلار بۇ تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسىگە نىسبەتەن تەنقىدىي كۆز قاراشتا بولغان. ئۇلار بىر قانچە نەسىل ئۇستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماي ۋە ئۇلارنىڭ گېن گۇرۇپپىسى ھەقىقىدە تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئىزدەنمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئېپىگېنېتىك ئىرسىيەت ئىكەنلىكىگە ئېنىق بىرنەرسە دېگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

يەھودا بەزى دوكلاتلارنىڭ مۇبالىغە قىلىنغانلىقىنى ۋە كەسكىن يەكۈن چىقىرىش ئۈچۈن بىر قانچە ئەۋلادنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېخىمۇ چوڭ تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىش لازىملىقىنى ئېتىراپ قىلدى. يەھودا: «ئۇ كىچىك دائىرىدىكى بىر تەتقىقات بولۇپ، ئاسارەت چەككەن ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ئارىلاپ ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش ئىدى. بۇنىڭدىن بەزى يىپ ئۇچىغا ئېرىشتۇق، بۇ چوڭ بىر خەۋەر بولدى. ھازىرقى مەسىلە شۇكى، قانداق قىلىپ بۇ يىپ ئۇچىنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇش؟ يۇز بەرگەن مېخانىزملارنى قانداق قىلىپ ھەقىقىي چۈشىنىش؟»، دەيدۇ.

«چاشقانلار گىلاس چېچىكىنىڭ پۇرىقىنى پۇرىغاندا، دادىسى تەرىپىدىن گىلاس چېچىكى پۇرىقىدىن قورقماس قىلىپ تەربىيىلەنگەن چاشقان بالىلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ جىددىيلەشكەن ۋە بىئارام بولغان».

چاشقانلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان كونتروللۇق تەجرىبىلەر، تەتقىقاتچىلارغا بۇ مەسىلىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەرگەن. 2013-يىلىدىكى بىر تەتقىقاتتا پۇراق بىلەن ئاسارەتنىڭ ئەۋلادلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى بايقالغان. تەتقىقاتچىلار چوڭ ئەركەك چاشقانلارنىڭ قەپەسلىرىگە گىلاس چېچىكىدەك پۇرايدىغان ئاسېتوفېنون (acetophenone) نى پۈركۈگەن ۋە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئۇلارنىڭ پۇتىغا توك سوقتۇرغان. بۇنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن، چاشقانلار گىلاس چېچىكىنىڭ پۇرىقىنى ئاغرىق پەيدا قىلغۇچى دەپ ھېس قىلىشقا باشلىغان.

ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ ئەركەك چاشقانلار، چىشى چاشقانلار بىلەن جۈپلىشىپ كۆپىيىشكە باشلىغان. ئۇلارنىڭ بالىلىرى گىلاس چېچىكىنىڭ پۇرىقىنى پۇرىغاندا، دادىلىرى بۇ پۇراقتىن قورقۇشقا

كۆندۈرۈلمىگەن چاشقانلارنىڭ بالىلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ قورقۇپ سەكرەيدىغان ۋە جىددىيلىشىدىغان بولغان. بالا چاشقانلارنىڭ قانداقتۇر بۇ پۇراق ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى ئاتا-ئانىلىرىدىن قوبۇل قىلغان بولۇش ئېھتىماللىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار ھېچقاچان گىلاس چېچىكىنىڭ پۇرىقىنى پۇرىمىغان چاشقانلار تەرىپىدىن بېقىپ چوڭ قىلىنغان.

ھەتتا ئاسارەتنى باشتىن كەچۈرگەن ئەركەك چاشقانلارنىڭ نەۋرىلىرىمۇ بۇ پۇراققا ئىنتايىن سەزگۈر بولغان. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى گىلاس چېچىكىنىڭ پۇرىقىدىن باشقا پۇراقلارغا بولغان سەزگۈرلىكى ئانچە يۇقىرى بولمىغان، بۇ ئىرسىيەتنىڭ پەقەت شۇ پۇراققىلا خاس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

گىلاس چېچىكى پۇرىقىغا بولغان بۇ سەزگۈرلۈك ئۇلارنىڭ ئىسپېرما DNA سىدىكى ئېپىگېنېتىك ئۆزگىرىشلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ تەھلىل قىلىنغان.

ئۇلارنىڭ DNA سىدا پۇراق قوبۇل قىلغۇچى قوبۇللىغۇچى كودلاشتۇرۇلغان گېنغا جايلاشقان خىمىيىلىك بېشارەتلەر بار بولۇپ، ئۇلار بۇرۇن بىلەن مېڭە ئوتتۇرىسىدىكى پۇراش لامپۇچكىسىدا ئىپادىلىنىدۇ ۋە گىلاس چېچىكىنىڭ پۇرىقىنى سېزىشكە ئىشتىراك قىلىدۇ.

تەتقىقات گۇرۇپپىسىدىكىلەر بالا چاشقانلارنىڭ مېڭىسىنى يېرىپ تەكشۈرگەندە، نازارەتتىكى نورمال چاشقانلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇلاردا گىلاس چېچىكى پۇرىقىنى ھېس قىلغۇچى نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنىڭ كۆپرەك ئىكەنلىكىنى بايقىغان.

«قورقۇنىڭ ئۆزى نەسىلدىن-نەسىلگە كۆچمەيدۇ - بەلكى بىر ئەۋلادتىكى قورقۇ كېيىنكى نەسىلدە سەزگۈرلۈككە ئايلىنىدۇ، خالاس.»

ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئەۋلاد چاشقانلاردا ئۇ پۇراقتىن قورقۇش ئالامىتى كۆرۈلمەي، بەلكى ئۇن پۇراققا نىسبەتەن ئىنتايىن سەزگۈرلۈكىنى ئىپادىلىگەن. بۇ بايقاش ئېپىگېنېتىك ئىرسىيەتنىڭ كۆپ ھالدا كۆزدىن ساقىت قىلىنغان نازۇك نۇقتىسىنى- كېيىنكى ئەۋلاتلاردا ھەممىشە ئاتا-ئانىلىرىغا ئوخشاش خۇسۇسىيەت شەكىللەنمەيدىغانلىقىنى يەنى، قورقىنىڭ ئۆزى نەسىلدىن-نەسىلگە ئىرسىيەت قالمىغان بىلەن، بىر ئەۋلادنىڭ پۇراقتىن قورقۇش خۇسۇسىيىتى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئاشۇ پۇراققا بولغان سەزگۈرلۈكىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن.

تەتقىقات دوكلاتىنىڭ ئاپتورى، ئامېرىكىدىكى ئېمورى ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە يېركېس دۆلەت پرىمات تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى برايان دىياز (Brian Dias) « بۇ ئېككىسىنى ھەرگىز سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ» ، دەيدۇ. ھەتتا ئۇ «ئىرسىيەت» دېگەن ئىبارىنىمۇ چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى قوشۇمچە قىلىپ: «ئىرسىيەت دېگەن ئىپادە، بىر خۇسۇسىيەتنىڭ نەق ۋە دائىم ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كۆچۈشىنى كۆرسىتىدۇ» ، دەيدۇ.

ئاسارەتنىڭ نەسىللەر ئارىسىدىكى تەسىرى چوڭ بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مىراس بولۇپ داۋاملىشىشى ناھايىتى يۇقىرى بولماقتا. بۇ بىزنىڭ ئۆز ھاياتىمىزنى ئاتا-ئانىلىرىمىزنىڭ ھايات تەجرىبىسى نۇقتىسىدىن قاراش ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتىپ، بىزنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىكىلىق ساغلاملىقىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۆزىمىزنىڭ ئىش ھەرىكەتلىرىمىز ۋە كەچۈرمىشلىرىمىزنىڭ باللىرىمىزنىڭ ھاياتىغا، ھەتتا ئۇلار تېخى تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز، بىزنىڭ قانداق ياشاشنى تاللىشىمىزغا تەسىر كۆرستىشى مۇمكىن.

ئاسارەتنىڭ ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد داۋاملىشىدىغانلىقىنى بايقىغان بولساقمۇ، ئېپىگېنېتىك ئىرسىيەت توغرىسىدىكى تەتقىقاتتا چوڭ بىر توسالغۇ بار، ئۇ بولسىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭ قانداق يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيدۇ. بەزى ئالىملار ئۇنى ئەمەلىيەتتە ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان بىر ھادىسە دەپ قارايدۇ.

ئۇنىڭ كەڭ تارقالماسلىقىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى شۇكى، DNA دىكى بىر تۈردىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئېپىگېنېتىك بەلگىنىڭ، يەنى مېتىلاسىيون (methylation) دەپ ئاتىلىدىغان خىمىيۋى گۇرۇپپىلارنىڭ قوشۇلۇشى، ھاياتنىڭ دەل بېشىدىلا تازىلىنىپ، DNA غا بۇ خىمىيۋى گۇرۇپپىلارنى قوشۇش جەريانى نۆلدىن باشلىنىدۇ.

«گەرچە ئاسارەتنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان بولسىمۇ، بۇ ئېپىگېنېتىك ئىرسىيەت توغرىسىدىكى تەتقىقاتتا چوڭ بىر توسالغۇ مەۋجۇت، ئۇ بولسىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭ قانداق يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيدۇ» .

كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېپىگېنېتىك تەتقىقاتچىسى ئاننى فېرگۇسون-سمىس (Anne Ferguson-Smith): «ئىسپېرما سۈت ئەمگۈچى جانلىقلارنىڭ تۇخۇمىغا كىرگەندىن كېيىن، ئاتا خروموسومىدىكى DNA مېتىلاسىيون تېز يوقىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن نەسىلدىن-نەسىلگە داۋاملىشىدىغان ئېپىگېنېتىك ئىرسىيەت شۇنچىلىك ھەيران قالارلىقتۇر، يەنى، بارلىق ئېپىگېنېتىك بەلگىلەرنىڭ چىقىرىپ

تاشلىنىپ، كېيىنكى نەسىللەرگە يېتكىسىنىڭ قوشۇلۇشىدەك ئەھۋال ئاستىدا  يەنە قانداق قىلىپ ئېپىگېنېتىك ئىرسىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغان بىر ئىشتۇر» ، دەيدۇ.

بەلكى گېننىڭ بەزى قىسىملىرى پاكىز يوق قىلىنىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. گېن بېسىش دەپ ئاتىلىدىغان جەريان گېندىكى ئالاھىدە نۇقتىلاردا مېتىلاسيونىنى قوغدايدۇ. ئەمما بۇ نوقتىلاردا ئاسارەتكە مۇناسىۋەتلىك ئېپىگېنېتىك ئۆزگىرىشلەر تېپىلمايدۇ.

فېرگۇسون-سىمىس ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ يېقىنقى تەتقىقاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، چاشقانلاردا ئېپىگېنتىك ئىرسىيەت ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىكەن. ئەمما باشقا تەتقىقاتچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلار ۋە هايۋانلاردا ئېپىگېنېتىك ئىرسىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە ئالاھىدىلىكنى بايقىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئۇلار ئېپىگېنېتىكنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمىنى تاپقانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ بەلكى گېننىڭ ئىقتىدارىنى ئۆزگەرتىدىغان DNA غا ئوخشىغان RNA دەپ تونۇلغان مولېكۇلا بولۇشى مۇمكىن.

يېقىندا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ماقالىدە، RNA نىڭ ئاسارەتنىڭ ئىرسىيەت بولۇپ قېلىشىغا قانداق رول ئوينايدىغانلىقىغا ئائىت كۈچلۈك پاكىتلار ئاشكارىلاندى. تەتقىقاتچىلار چاشقان باللىرىنى تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئانىسىدىن ئايرىش ئارقىلىق ئاسارەتنىڭ هاياتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا قانداق تارقىلىدىغانلىقىنى كۆزىتىدۇ.

بۇ تەتقىقاتقا يېتەكچىلىك قىلغان زۈرىخ (Zürich) ۋە ETH Zürich ئۇنىۋېرسىتېتى تەتقىقاتچىسى ئىسابېل مەنسۇي (Isabelle Mansuy): «بىزنىڭ ئۇسلۇبىمىز ئىنتايىن ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇ ئائىلىسىدىن ئايرىۋېتىش ياكى خورلاش، سەل قاراش ۋە بەزىدە ئىنسانلار ئارىسىدا كۆرۈلىدىغان ھېسسىي ئازار بېرىش قاتارلىقلارغا تەقلىد قىلىنغان» ، دەيدۇ.

بۇ كىچىك چاشقانلار چوڭ بولۇش جەريانىدا كۆرۈلگەن ئالامەتلەر خۇددى بۇرۇن ئاسارەتنى باشتىن كەچۈرگەن چاشقانلارغا ئوخشاش بولغان. ھەتتا ئۇلاردىكى خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىش ۋە تېخىمۇ كۆپ كالورى قوبۇل قىلىشتەك ئىككى خىل ئالامەتمۇ ئوخشاش بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەركەك چاشقانلار چوڭ بولۇپ باللىق بولغاندىمۇ ئۇلارنىڭ باللىرىدا ئوخشاشلا ھەددىدىن زىيادە تويۇنۇش، خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىش ۋە ھەددىدىن زىيادە يالغۇزلۇقنى خالاش يەنى باشقا چاشقانلارغا قېتىلالماسلىق ئالامەتلەر كۆرۈلگەن.

«بۇ بالا چاشقانلاردا ئاتا-ئانىسى ئاسارەت چەككەن چاشقانلارغا خاس بولغان ھەرىكەت ئەندىزىسى نامايەن بولغان».

تەتقىقاتچىلار ئاسارەت چەككەن ئەركەك چاشقانلارنىڭ ئىسپېرمىسىدىن RNA مالېكۇلاسىنى ئايرىپ ئېلىپ ئۇنى ئاتا-ئانىسى ئاسارەت چەكمىگەن چاشقان تۆرەلمىسىگە ئوكۇل قىلىپ ئۇرغان. نەتىجىدە، ئۇ بالا چاشقانلاردا، خۇددى ئاتا-ئانىسى ئاسارەت چەككەن بالا چاشقانلارغا خاس بولغان ھەرىكەت ئەندىزىسىنى نامايان بولغان.

ئۇلار يەنە، ئوخشاش بولمىغان ئۇزۇنلۇقتىكى RNA مولېكۇلاسىنىڭ ئوخشىمىغان ھەرىكەت ئەندىزىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ: RNA مالېكۇلىسى ئۇزۇنراق بولغان چاشقانلاردا، بەكلا تويۇنۇپ يېيىش، بەدەننىڭ ئىنسۇلىنغا بولغان ئىنكاسىدا ئۆزگىرىش بولۇش ۋە خەتەرگە پىسەنت قىلماسلىقتەك ئالامەتلەر كۆرۈلگەن. RNA مالېكۇلىسى قىسقا بولغان چاشقانلاردا بولسا ئۇمىدسىزلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن. مەنسۇي: «بۇ باغلىنىشنى بىز تۇنجى قېتىم تاسادىپى بايقاپ قالدۇق»، دەيدۇ.

بۇ RNA مالېكۇلىلىرىنىڭ ئەۋلادلارنىڭ ئىش- ھەرىكىتىنى قانداق ئۆزگەرتىدىغانلىقى تېخى نامەلۇم. مەنسۇي ھازىر ئىنسانلار ئۈستىدە تەجرىبە ئېلىپ بېرىپ، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش جەريانلارنىڭ ئىنسانلاردا قانداق ئىشلەيدىغانلىقىنى تەكشۈرمەكچى. باشقا تەتقىقاتچىلارنىڭ دەسلەپكى تەجرىبىسىدە بۇ جەرياننىڭ پەقەت ئەر جىنسىدا كۆرۈلگەنلىكى ئىسپاتلاندى.

بۇ تەتقىقاتلار، كۆپىلگەن چاشقانلارنى تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئىسپېرما ۋە ئېپىگېنېتىك ئىرسىيەتنىڭ ئەركەك نەسلىدىن داۋاملىشىدىغانلىقىغا مەركەزلەشتى. بۇ ئالىملارنىڭ پەقەت ئەركەك نەسلىدىلا يۈز بېرىدۇ دەپ ئويلىغانلىقىدىن ئەمەس. تۇخۇمدانىنى تەتقىق قىلىش ئېسپېرمىنى تەتقىق قىلىشتىن كۆپ قىيىن بولغانلىقىدىندۇر. ئەمما كېيىنكى قەدەمدە ئېپىگېنېتىك ئىرسىيەتنىڭ چىشى نەسلىدىن داۋاملىشىشىغانلىقىنىڭ سىرىنى يېشىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىۋاتىدۇ.

مەنسۇي: «بىز بۇنى بىر يەردىن باشلىشىمىز كېرەك. مەيلى چىشى ياكى ئەركەك چاشقانلاردا بولسۇن قانداق يوللار ئارقىلىق ئىرسىيەت بولۇپ داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدىغان بىر ئاسارەت ئەندىزىسىگە ئىگە بولۇشنى ئويلىشىۋاتىمىز»، دەيدۇ.

«ئاسارەت تەسىر كۆرسەتكەن ئېپىگېنېتىك ئىرسىيەت ئىلمى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەچكە ئۇ يەنىلا كەسكىن مۇنازىرە قوزغىشى مۇمكىن».

ئۇنىڭدىن باشقا كۆپ تەتقىق قىلىنمىغان باشقا ئېپىگېنېتىك مېخانىزىملار بار. ئۇلاردىن بىرى خىستونى ئۆزگەرتىشتۇر. يەنى DNA نىڭ تېرەكلىك رولىنى ئوينايدىغان ئاقسىللارنىڭ خىمىيىلىك بەلگىسىنى كۆرسىتىدۇ. نۆۋەتتىكى تەتقىقاتلاردا، خىستونمۇ ئېپىگېنېتىك ئىرسىيەت ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ سۈت ئەمگۈچى هايۋانلارنىڭ نەسىللىرىگە تەسىر كۆرستىش رولىنىڭ بارلىقى ئىسپاتلانغان.

دىئاس: «مەن، بۇ مېخانىزملارنىڭ ھەممىسى ئۆز-ئارا تەسىر كۆرسىتىپ، بىزگە ئېرىشكەن ئالاھىدىلىكلەرنىڭ نەسىلدىن نەسىلگە ئىرسىيەت بولۇپ قىلىشتەك ھادىسىنى نامايەن قىلىپ بېرەلەيدۇ، دېگەن جاۋاپتىن گۇمانلىنىمەن»، دەيدۇ.

«ئاسارەت تەسىر كۆرستىغان ئېپىگېنېتىك ئىرسىيەت ئىلمى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەچكە ئۇ يەنىلا كەسكىن مۇنازىرە قوزغىشى مۇمكىن». 1990-يىللاردا، ئاسارەتتىن كېيىنكى روھىي بېسىم تەگپۈكسىزلىكى (Post-Traumatic Stress Disorder) توغرىسىدا باشلامچىلىق بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بارغان يەھۇدىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئۇنىڭغا گويا بۇرۇن بىر يەردە كۆرگەندەك (déjà vu) ھېس-تۇيغۇ پەيدا قىلغان.

ئۇ: «بىز بۇگۈن ئېپىگېنېتىك تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز، بۇ گويا بىز دەسلەپتە PTSD نى تەتقىق قىلىشقا باشلىغان ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش ھېس-تۇيغۇ پەيدا قىلدى. بۇ بىر تالاش-تارتىشلىق ئوچۇق بىر دىئاگنوزدۇر. ئاسارەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەسىرىنىڭ بولۇدىغانلىقىغا ھەممە ئادەم ئىشەنمىدى»، دەيدۇ.

30 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن كېيىن، تىببى ساھەدە ئېتىراپ قىلىنغان PTSD كېسەللىكى، بىزگە ئاسارەت تەسىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئادەمنىڭ ھاياتىدا نەچچە ئون يىل داۋاملىشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

دىئاس يەنە: مۇبادا ئاسارەت ئىنسانلاردا، چاشقانلاردا تەجرىبە قىلىنغاندەك نەسىلدىن نەسىلگە ئېرسىيەت بولۇپ داۋاملاشسا، بىز بۇ ئىرسىيەتتىن قۇتۇلالمايدىغاندەك ھېس-تۇيغۇدا بولماسلىقىمىز لازىم، دەيدۇ.

ئۇ گىلاس چېچىكى تەجرىبىسىنى چاشقانلارغا ئىشلىتىپ، بۇ پۇراقتىن قورقىدىغان ئەركەك چاشقانلار كېيىن گىلاس چېچىكىگە سەزگۈر بولمىسا، نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى تەجرىبە قىلغان. يەنى چاشقانلارنىڭ پۇتىغا توك سوقتۇرماي تۇرۇپ، بۇ پۇراققا قايتا-قايتا ئۇچراتقان. دىئاس: «چاشقانلار ئۇنتۇپ قالمىغان، پەقەت ھازىر بۇ پۇراق توكنىڭ پۇتقا سوقۇلۇشى بىلەن باغلىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردا يېڭى ئەندىزە شەكىللەنگەن»، دەيدۇ.

ئۇ ئۇلارنىڭ ئىسپېرمىسىغا قارىغىنىدا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پۇراققا بولغان سەزگۈرلۈكىنى يوقۇتۇش جەريانىدىن كېيىن «قورقۇ» خاسلىق ئېپىگېنېتىك ئىمزاسىنى يوقىتىپ قويغان. بۇ چاشقانلارنىڭ باللىرىمۇ پۇراققا زىيادە سەزگۈرلۈكنى كۆرسەتمىگەن. شۇڭا ئەگەر بىر چاشقان پۇراق بىلەن ئاغرىقنىڭ باغلىنىشىنى «ئۇنتۇپ قالسا»، كېيىنكى نەسلى بۇ تەسىردىن قۇتۇلۇشى مۇمكىن.

ئۇ يەنە، ئەگەر ئىنسانلاردا مۇشۇنداق ئاسارەتلىك ئىرسىيەت مەۋجۇت بولسا، ئەقلى-خاھىش داۋاسى (cognitive behavioural therapy) قاتارلىق تېخنىكىلار ئارقىلىق بىزنىڭ DNA مىزغا بولغان تەسىرىنى يوق قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

دىئاس: «سىستېم ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگىدۇر. ھەرقانداق نەرسە مۇتلەق بولمايدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا بىز ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن مۇھىتىمىز ئاسارەتكە تولغان تەقدىرىدىمۇ بىز تېخى ۋەيران بولمىدۇق»، دەيدۇ. دىئاس يەنە، «ئاسارەتنىڭ كۆنىمىزدىكى تەسىرىنى ساقايتىش، ھېچ بولمىغاندا بەزى شارائىتلاردا ئۇنىڭ كېيىنكى نەسىللەرگە ئىرسىيەت بولۇپ داۋاملىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ»، دەيدۇ.

ئىنگلىزچىدىن باتۇر تەڭرىقۇت تەرجىمىسى

https://www.bbc.com/future/article/20190326-what-is-epigenetics

# خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ھەققىدە ب د ت نېمە قىلالايدۇ؟




خاننا لەڭگېنفېلد

## ختاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ھەققىدە ب د ت نېمە قىلالايدۇ؟

خاننا لەڭگېنفېلد

ب د ت (بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى) كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارلىقى ئىشخانىسىنىڭ باياناتچىسى راۋىنا شامداسان (Ravina Shamdasan) 2024-يىلى 27-ئاۋغۇستتىكى باياناتىدا، ختاينىڭ ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرى ۋە «نۇرغۇن مەسىلە بولغان قانۇن-تۈزۈملەر ۋە سىياسەتلەر داۋاملىشىۋاتىدۇ» دېدى، ھەمدە دائىرىلەرنى تولۇق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا چاقىردى. رويتېرس (Reuters) ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋرىگە ئاساسلانغاندا، شامداسان ختاينىڭ بۇ مەسىلىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «بىرلىكتە ئېلىپ بارىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار، شۇڭا بىز ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، قايسى جەھەتتىن بىرلىكتە ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلالايدىغانلىقىمىزنى بايقىشىمىز كېرەك».

2024-يىلى 4-ئىيۇل كۈنى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى بىلەن بولغان يىغىندا، ختاي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلىك ھوقۇق ئىسلاھاتى ھەققىدە غەرپ دۆلەتلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەۋسىيەلەرنىڭ 70 پىرسەنتىنى قوبۇل قىلىشقا ماقۇل بولدى؛ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ رەئىسى ئۆمەر زنىبېر (Omar Zniber) رويتېر ئاگېنتلىقىغا مۇنداق دېدى: «ختايدا كىشىلىك ھوقۇق جەھەتتىكى تەرەققىيات ۋە راۋاجلىنىش كۈندىن-كۈنگە ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقتا». ب د ت نىڭ تىرىشچانلىقلىرىغا قارىماي، باشقا گۇرۇپپىلار خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ختاينى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى بىلەن ئەيىبلەش مەسىلىسىدە بەكلا ئاستا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىغا بولغان نارازىلىقىنى بىلدۈرمەكتە.

ئۇيغۇرلار بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى نۆۋەتتىكى مۇناسىۋەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۆتمۈشكە نەزەر تاشلاش كېرەك.

شىنجاڭ خىتاينىڭ غەربى-شىمالىغا جايلاشقان، «ئاپتونوم رايون» ھېسابلىنىدۇ. بۇ گەرچە خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرسىمۇ، نەزەرىيە جەھەتتىن ئۆزىنى-ئۆزى باشقۇرىدۇ دىگەنلىك. BBC نىڭ تەتقىقاتى ۋە خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ رايوننىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گاز بايلىقى مول بولغاچقا، ھەمدە ياۋروپا بىلەن ئوتتۇرا -ئاسىيا ئارىسىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى سەۋەبىدىن بېيجىڭ تەرىپىدىن «مۇھىم سودا-تىجارەت يولى» دەپ قارالغان.

بېرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى (Encyclopedia Britannica) تەھرىرلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان ۋە دەلىللەنگەن دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، 1950-يىللاردا شىنجاڭ ئاپتونوم رايون قۇرۇلغاندىن كېيىن، خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىن كۆپلىگەن خىتايلار بۇ زېمىنغا كۆچۈپ كېلىپ يەرلىششكە باشلىغان. 1990-يىللاردا، شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ بەشتىن ئىككىسى خىتاي بولغاندا، بۇ رايوندا خىتايلارغا قارشى كەيپىيات كۈچىيىپ، 2000-يىللارنىڭ باشلىرىغىچە قارشىلىق ۋەقەلىرى ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ تۇرغان. 2009-يىلى، ئېيۇلدىكى توقۇنۇشتا ئۆلگەن 200 كىشىنىڭ ئۆلۈمىگە ئۇيغۇرلارنى سەۋەپچى دەپ ئەيىبلىگەن.

گەرچە خىتاي كوم پارتىيىسى دىنسىزلىكنى تەرغىپ قىلسىمۇ، ئەمما تاۋىزىم، بۇددىزىم، ئىسلام، كاتولىك ۋە پروتېستانت دىنىدىن ئىبارەت بەش ئاساسىي دىننى ئېتىراپ قىلىدۇ. خىتاي 2014-يىلى مايدا ئۇيغۇرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاتالمىش «ئاشقۇن دىنىي گۇرۇپپىلار» غا زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى قوزغىدى ھەمدە 2017-يىلى بىخەتەرلىكنى كۈچەيتىش ۋە ئىچكى تېرورلۇقنىڭ ئالدىنى ئېلىش باھانىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلىش ۋە قولغا ئېلىشنى كۈچەيتتى.

2022-يىلى ئاۋغۇستتا ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارلىقى تەرىپىدىن 48 بەتلىك دوكلات ئېلان قىلىندى. دوكلاتتا خىتاينىڭ مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان، تۈركىي تىللىق ئاز سانلىق مىللەت بولغان ئۇيغۇرلارغا قىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. دوكلاتتا شىنجاڭدىكى «ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مۇسۇلمان خەلقنىڭ خالىغانچە ۋە كەمستىش خاراكتېرلىك تۇتقۇن قىلىنىشى» نى خەلقئارالىق «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» دەپ قاراشقا بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

تاشقى مۇناسىۋەتلەر كېڭەشىنىڭ ئالىي يازغۇچىسى لىندسەي مايزلەند (Lindsay Maizland) خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرى ھەققىدە دوكلات يازغان. مايزلەند: «ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىلگەنلىكى ۋە بالا ياتقۇ ئىچىگە تۇغۇت چەكلەش ئۈسكۈنىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى مەلۇم قىلغان، ئەمەلدارلار تۇغۇت چەكلەش بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغان ياكى كۆپ باللىق بولغانلارنى تۇتقۇن قىلىش بىلەن تەھدىت سالغان. ھەمدە، بېيجىڭ تەرەپ يەنە باشقا دۆلەتلەرگە خىتايدىن قاچقان ئۇيغۇرلارنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بېسىم ئىشلەتكەن» دەپ يازغان.

سىياسىي بيۇروغا ھۆكۈمرانلىق قىلدىغان 89 مىليون ئەزاسى بولغان خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى يەنە ئىسلامىي ئەنئەنىلەرنى چەكلەيدىغان ئاتالمىش ئاشقۇنلۇققا قارشى قانۇنلارنى يولغا قويغان ۋە ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتكەن. BBC يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتالمىش قايتا تەربىيىلەش لاگېرلىرىغا سولىنىش جەريانىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان زاۋۇتلار ۋە پاختا ئېتىزلىرىدا ئىشلەشكە مەجبۇرلانغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلىرىنى دەلىللىدى. خىتاينىڭ قانۇنىي ۋە جىنايى داۋالارغا مەسئۇل دۆلەتلىك ئورگىنى بولغان شىنجاڭ خەلق ئالىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ 2022-يىلى فېۋرالدا ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، 2017-يىلدىن 2021-يىلغىچە شىنجاڭدا سوتلانغان ۋە تۈرمىگە ھۆكۈم قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 540 مىڭ 826 گە يەتكەن.

2023-يىلى 16-فېۋرال كۈنى شۋېتسارىيىنىڭ جەنۋە شەھرىدە ب د ت نىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقلىرى كومىتېتىنىڭ 73-قېتىملىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە تۇتقان مۇئامىلىسى كۆزدىن كەچۈرۈلدى. بۇ يىغىنغا قاتناشقان خىتاي ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا يۈرگۈزگەن دەپسەندىچىلىكلىرى ھەققىدە سوئال سورالغان-خىتاي ۋەكىللىرى ئۇنداق دەپسەندىچىلىكنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تامامەن ئىنكار قىلغان. ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى سېكرېتارى ئانتونى بلىنكېن (Anthony Blinken) 2023-يىلى 15-ماي كۈنى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارلىقىنىڭ يىغىنىدىن بۇرۇن مۇستەقىل دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ 2022-يىللىق خەلقئارالىق دىنىي ئەركىنلىك دوكلاتىنىڭ ئېلان قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئاچتى. بلىنكېن سۆزىدە: «بىز دىنىي ھوقۇق ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتقان دۆلەتلەردە دىنىي ئەركىنلىكنى تەشەببۇس قىلىشنى داۋاملاشتۇرىمىز» دېدى.

خىتاي ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ھەرقانداق خاتالىقنى ئۈزلۈكسىز ھالدا ئىنكار قىلىپ كەلدى ۋە ئۇيغۇرلارنى خورلىغانلىق ياكى دىنىي ئېتىقاد سەۋەبىدىن ئۇلارنى تۇتۇش نىشانى قىلغانلىق قاتارلىق ئەيىبلەشلەرنى رەت قىلدى. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى 2021-يىلى 22-فېۋرال

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇساپىرلار ئالىي كومىسسارىدا سۆز قىلىپ: «بۇنداق قۇترىتىش خاراكتېرلىك ئەيىبلەشلەر نادانلىق ۋە بىر تەرەپلىمە قاراشتۇر. بۇلار پەقەتلا غەرەزلىك ۋە سىياسىي مەقسەتلىك كۆپتۈرۈش بولۇپ، ھەقىقەتتىن تامامەن يىراقتۇر» دېگەن. رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى لىن جيەن 2022-يىلى 1-سېنتەبىر كۈنى خىتاينىڭ بارلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقلىرىنى تولۇق قوغدايدىغانلىقىنى ئېيتقان ۋە «شىنجاڭدا ھەرقانداق دەپسەندىچىلىك يۈرگۈزۈلگەنلىكىنى قەتئىي رەت قىلغان»، ھەمدە 2022-يىللىق دوكلاتقا قارىتا خىتاينىڭ قەيتلىرىنى ئاقلايدىغان 131 بەتلىك جاۋاپ دوكلاتى ئېلان قىلغان.

## كەلگۈسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، كېيىنكى قەدەم قانداق بولماقچى؟

ئامېرىكا ۋاشىنگتونغا جايلاشقان ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ئورگىنى (UHRP) تەتقىقاتنى ئاساس قىلغان تەشۋىقات تەشكىلاتى بولۇپ، شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئەيىبلەش ۋە توختىتىش زۆرۈرلۈكىنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلمەكتە. UHRP نىڭ باياناتىغا ئاساسلانغاندا، مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى خىتاي ئۇيغۇرلارغا قاراتقان دەپسەندىچىلىكنى توختاتقانغا قەدەر سودا ۋە ئىقتىسادىي جازا يۈرگۈزىدىغان پارلامېنت قارارلىرىنى ماقۇللاش، پاناھلىق تىلىگەن ئۇيغۇرلارنى قايتۇرۇپ بەرمەسلىك ۋە خىتاينىڭ ۋەھشىلىكىنى، دەپسەندىچىلىكلىرىنى رەسمىي ئەيىبلەشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم.

UHRP نىڭ ئىجرائىيە دىرېكتورى ئۆمەر قانات 2023-يىلى 17-فېۋرال كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن بىرلەشمە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدىكى باياناتىدا: «خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا چىققان پاكىتلىق دەلىللەرنى ئىنكار قىلىشنى ۋە كۆزنى يۇمۇۋېلىشنى داۋاملاشتۇرماقتا. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بۇنداق ئەتراپلىق ئىنكاس قايتۇرمىغىنىغا ئۇزۇن ۋاقىت بولغان ئىدى» دېدى.

خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق ئادۋوكاتى ۋە ئامېرىكا دۆلەت مەھكىمىسىنىڭ سابىق ئەمەلدارى كېلىي ئې. كاررىي (Kelley E. Currie) «تاشقى سىياسەت ژۇرنىلى» دا يازغان تەھلىلىدە مۇنداق دەيدۇ: «ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ خىتايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئىش قىلالايدىغان ھەر تەرەپلىمە ئۇسۇلى بار؛ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا خەلقئارالىق ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى قاتارلىق تەشكىلاتلاردىن پايدىلىنىپ، 2022-يىلدىن بۇيان ئەمگەك كىشىلىك

ھوقۇقى دەپسەنچىلىكى بولىۋاتىدۇ دەپ گۇمانلىنىۋاتقان خىتايغا ئىقتىسادىي جازا قوللىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك».

ب د ت دىكى چوڭ كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي تەسىرىنى خىتايغا قارشى ئىشلىتىپ، خىتايغا مۇناسىۋەتلىك ئاۋاز بېرىشلەردىكى قارارلاردىن ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان دۈشمەنلىك ئىپادىلىرىنى چەقىرىۋېتىش توغرىسىدا سۆھبەتلىشەلىشى مۇمكىن. غەربنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە بەزى ئىلتىپاتلارنى بېرىش ئارقىلىق جەنۇبتىكى دۆلەتلەر بىلەن ئىتتىپاقداشلىق ئورنىتىپ، شۇ دۆلەتلەرنى ئۇيغۇرلارغا زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن بولغان پىلاننى ئىلگىرى سۈرىدىغان خىتاينىڭ ھەرقانداق قارارىغا قارشى ئاۋاز بېرىشكە بېسىم قىلىشى مۇمكىن.

ئەركىن خەلقئارالىق تەرتىپ ئۇچۇق ۋە قائىدە-نىزامنى ئاساس قىلغان بىر سىستېما بولۇپ، خەلقئارالىق ئورگانلار تورى دۆلەتلەر ئارىسىدا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى قۇرۇش ھەققىدە ئورتاق ئۇمىد پەيدا قىلىدۇ، ئىگىلىك ھوقۇقى بولغان دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى سىياسەتكە ئارىلاشماسلىق ھەققىدە يۇقىرى ۋە ئورۇنلۇق ئۈمىدلەرگە ئىگە. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىگىلىك ھوقۇقى بولغان دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان مەركىزىي ھوقۇقنىڭ يوقلۇقى سەۋەبىدىن، ئۇلارنىڭ سىياسىتىنى ئۆزگەرتىش مەجبۇرىيىتىنىڭ يوقلىقىنى ۋە بۇ ئەيىبلەشنى داۋاملىق رەت قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن.

باش شتابى نيۇ-يوركقا جايلاشقان ئاممۋى تەشكىلاتلاردىن، كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى (HRW) ھەرىكەت قوللىنىپ ، خىتاينى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى توختىتىشقا ۋە خەلقئارا تۈزۈم ئىچىدە دىپلوماتىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە چاقىردى.

HRW ئۆزىنىڭ مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدىكى باياناتىدا: «خىتايدىن قېچىپ چىققان ئۇيغۇرلارغا پاناھلىق بەرگەن ھۆكۈمەتلەر بۇ تۈركىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلە-تاۋاباتىنىڭ ئۇلار بىلەن جەم بولۇشنى ئاسانلاشتۇرۇشى كېرەك. شۇنداقلا خىتاينىڭ زىيانلىق پىلانىنىڭ داۋاملىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تېخىمۇ كۆپ دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق جازا تۈزۈملىرى ئاستىدا ئۇيغۇرلارنى نىشان قىلغان شىنجاڭدىكى دەپسەندىچىلىك قىلغۇچى ئەمەلدارلارغا ۋىزا چەكلىمىسى، ساياھەت چەكلىمىسى ۋە نىشانلىق شەخسىي جازالارنى يۈرگۈزۈشى كېرەك» دەپ يازىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن باتۇر تەڭرىقۇت تەرجىمىسى

https://theowp.org/reports/chinas-alleged-human-rights-violations-of-uyghur-people-what-can-the-u-n-do/


مىسلىسىز ئويغىنىش
PINVIDIC
THE
3-MINUTE
RULE
ئۈچ مىنۇتلۇق قائىدە
ORE FROM
برانت پىنۋىدىك

# ئۈچ مىنۇتلۇق قائىدە: ھەرقانداق سورۇندا ياكى دوكلات بەرگەندە ئاز سۆز بىلەن كۆپ ئۇچۇر يەتكۈزۈش

برانت پىنۋىدىك

ئاپتور ھەققىدە

برانت پىنۋىدىك (Brant Pinvidic) 300 دىن ئارتۇق تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئىجاد قىلغان ۋە رېژىسسورلۇق قىلغان، يەنى ئەڭ داڭلىقلىرىدىن «ئورۇقلاش چېمپىيونى» (The Biggest Loser)، «ئاجايىپ ئۆزگىرىش» (Extreme Makeover)، «چوڭ ئۇستام» (Master Chef) ۋە «مەن نېمىشقا فەيسبوكتا يوق» (Why I'm Not on Facebook) قاتارلىقلار. ئۇنىڭ پروگرامما تەسىس قىلىش، فىلىم ئىشلەش، رېجىسسورلۇق جەھەتلەردە يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق تەجرىبىسى بار بولۇپ، مۇشۇنداق مېدىيا تۈرلىرى ئارقىلىق بىر مىليارد دوللارغا يېقىن كىرىم قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ تىجارەت مەسلىھەت شىركىتى «ئىنۋېلوپ تاماشاسى» (INvelop Entertainment) نى قۇرۇپ چىققان ھەمدە ئىلگىرى «ئۈچ توپ تاماشا شىركىتى» (3Ball Entertainment) نىڭ لىدېرى، «بايقاش ئالاقىلىرى» (Discovery Communications) نىڭ پروگرامما باشلىقى ۋە «يېڭى دولقۇن تاماشا شىركىتى» (New Wave Entertainment) نىڭ فىلىم ئىشلىگۈچىسى، يەنە ئەڭ يۇقىرى باھالانغان پودكاست رىياسەتچىسى ۋە «فوربېس» (Forbes) ژۇرنىلىنىڭ ئوبزورچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

كىتابنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى

ھەر قېتىم سىز دوكلات بەرگەندە ياكى باشقىلارغا مەلۇم ئىدىيىلەر ئارقىلىق تەسىر كۆرسەتمەكچى بولغىنىڭىزدا، ئۇلارنىڭ كاللىسى دەسلەپكى ئۈچ مىنۇت ئىچىدە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قارار چىقىرىپ بولغان بولىدۇ. بۇ ھەرگىز سىزنىڭ خاتالىقىڭىز ئەمەس، بۇ پەقەتلا ئىنسانلارنىڭ

تەبىئىتىدىندۇر، بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلارنىڭ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋاقتى بۇرۇنقىدىنمۇ قىسقا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

شۇڭا، بىراۋغا تەسىر كۆرسەتمەكچى بولغىنىڭىزدا، «ئۈچ مىنۇتلۇق قائىدە» نى قوللىنىڭ:

دەسلەپكى ئۈچ مىنۇت ئىچىدە ئۆزىڭىز قىممەتلىك دەپ قارىغان بارلىق ئوي-پىكىرلىرىڭىزنى يەتكۈزۈشكە تىرىشىڭ. بۇ دەسلەپكى ئۈچ مىنۇت ئىچىدە ياكى دىققەتنى تارتالايسىز ياكى مەغلۇپ بولىسىز.

ئۈچ مىنۇتلۇق قائىدىنى قوللىنىش ئىككى باسقۇچلۇق جەريان:

بىرىنچى باسقۇچتا: ئوي- پىرىڭىزدىكى ئەڭ مۇھىم ئېلېمېنتلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ ھەمدە ئىمكان قەدەر ئاددىيلاشتۇرۇڭ.

ئىككىنچى باسقۇچتا: نۇتۇق سۆزلىگەندە ئۈچ باسقۇچلۇق فورماتنى قوللىنىڭ.

ھولليۋود كۆپ خىل چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق «ئۈچ مىنۇتلۇق قائىدە» نى مۇكەممەل ئەكس ئەتتۈردى. ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، دوكلاتىڭىزنى ناھايىتى جەلپ قىلارلىق مەزمۇندا سۆزلەڭ. يەنە ھولليۋودنىڭ چارە-تەدبىرلىرىدىن ئىلھام ئېلىپ، ئۇچۇرلارنى چۈشىنىشلىك پارچىلارغا بۆلۈپ يەتكۈزۈش ئارقىلىق، تىڭشىغۇچىلارنى توغرا يەكۈن چىقىرىشقا يېتەكلەڭ ۋە شۇ ئۈچ مىنۇتنى ھەم جەلپ قىلارلىق ھەم قايىل قىلارلىق ھالدا ئاز سۆز بىلەن كۆپ ئۇچۇر يەتكۈزۈش ئارقىلىق داۋاملىق پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىڭ.

«بۈگۈنكى تاماشىبىنلار پەقەت ئۇچۇر ئىگىلەشنىلا ئىستەيدۇ. ئۇلار ئۇچۇرنىڭ تېز، ئېنىق ۋە ئىخچام بولۇشىنى ئۈمىت قىلىدۇ. ئۇلار سىزنىڭ ئىدىيىڭىزنى ئۇقۇمغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىگە قانداق پايدا ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، ئاندىن گېپىڭىزگە داۋاملىق قۇلاق سالىدۇ ياكى تېخىمۇ قىزىقىش ھىسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇلار ئۈچۈن سىزنىڭ تەخمىنەن ئۈچ مىنۇتلا ۋاختىڭىز بار. مېنىڭمۇ شۇنداق».

— برانت پىنۋىدىك

قانداق قىلغاندا نۇتۇق سۆزلەش ياكى تونۇشتۇرۇشتىن كۆپرەك نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ

نېمە ئۈچۈن پەقەت ئۈچ مىنۇتلا دەيمىز؟ باشقىلارنى 20 مىنۇت ئولتۇرۇپ سىزنىڭ زېرىكىشلىك قۇرۇق گەپ ساتقىنىڭىزنى ئاڭلاشقا مەجبۇرلىغاندىن كۆرە، 3 مىنۇتلۇق ئىخچام نۇتۇق سۆزلەش ئارقىلىق كىشىلەرنى سوئال سوراشقا يېتەكلىسىڭىز بۇ تېخىمۇ قىزىقارلىق ۋە ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

بۇ قىممەتلىك ئۈچ مىنۇتلۇق نۇتۇقنى قانداق تەييارلاش كېرەك. ئۈچ مىنۇتلۇق نۇتۇق تەييارلاش يۇقۇردا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىككى باسقۇچلۇق جەريان:

بىرىنچى باسقۇچتا: ئوي- پىكرىڭىزدىكى ئەڭ مۇھىم ئېلېمېنتلارنى گەۋدىلەندۈرۈڭ ھەمدە ئىمكان قەدەر ئاددىيلاشتۇرۇڭ.

ئىككىنچى باسقۇچتا: نۇتۇق سۆزلىگەندە ئۈچ باسقۇچلۇق فورماتنى قوللىنىڭ.

3. مۇھىم نۇقتىلارنى قوشۇڭ. ئۈچ مىنۇتلۇق نۇتۇق سۆزلەشكە تەييارلىق قىلغاندا، تەسىرلىك سۆزلەر بىلەن تاماملاشتىن ئىبارەت موھىم نۇقتىنى قوشۇشقا ۋاقىت ئاجرىتىڭ:

بىرىنچىدىن، جەلپ قىلارلىق سۆزلەر بىلەن باشلاشقا ئەھمىيەت بېرىڭ

ئىككىنچىدىن، ئالاھىدىلىكىڭىزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىڭ

ئۈچىنچىدىن، ئىنكار قىلىش تەرەپلىرىنى ئالدىن قوللىنىڭ

تۆتىنچىدىن، قانداق باشلاش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇشنى بىلىڭ

سامىرېيس (Summaries.Com) تور بەت تەھرىرىنىڭ كىتاپ ھەققىدىكى ئىنكاسى

مەن «ئۈچ مىنۇتلۇق قائىدە» دېگەن كىتابنى ياقتۇردۇم. بۇ ناھايىتى ئېسىل بىر كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدىكى مەركىزىي ئىدىيە شۇكى، سىز يەتكۈزمەكچى بولغان ئىدىيە توغرىسىدا باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى تۇنجى تەسىرىڭىزنى تىكلەش ئۈچۈن سىزنىڭ پەقەت ئۈچ مىنۇتلا ۋاقتىڭىز بار. شۇڭا، ئاڭلىغۇچىلارنى زېرىكتۈرۈپ تولا ئەسنەتكۈزگەننىڭ ئورنىغا، بۇ ئۈچ مىنۇتتىن ئاقىلانىلىك بىلەن پايدىلىنىڭ. تىڭشارمەنلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ۋە ئۇلارنى سوئال سوراشقا ئۈندەيدىغان قىسقا ئۈچ مىنۇتلۇق نۇتۇق تەييارلاڭ. سىيرىلما ئارقىلىق تەييارلىغان ماتېرىياللىرىڭىزنى ئوقۇپ، كىشىلەرنى ئۇگەدەك باسقان ھالدا بىرىم سائەت ئولتۇرۇپ زېرىكىشلىك قۇرۇق گېپىڭىزنى ئاڭلاشقا مەجبۇرلىغان

كۆرە، ئـىـخـچام ئۈچ مـىنۇتلۇق نۇتۇق سۆزلەپ، ئـانـدىن بـاشـقىلارنـى سـوئـال سـوراشـقا ئۈنـدىـسـىگىز نۇتىقىڭىزدا يەتكۈزمەكچى بولغان ئىدىيە تېخىمۇ ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك بولىدۇ.

كـىـتـابـنىڭ ئـاپـتورى بـرانـت پـىنۋىدىك (Brant Pinvidic) چوقۇم ئۆزى دېگـىـنـىـدەك ئـىش قـىلـىدۇ. ئۇ «ئـورۇقـلاش چىمپىيونـى» (The Biggest Loser)، «ئـاجـايـىـپ ئۆزگـىـرىش» (Extreme Makeover) قاتارلىق تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ۋە كىنولارنى ئىشلەش ئارقىلىق تور تېلېۋىزىيە ساھەسىدە بىر مىليارد دوللارغا يېقىن كىرىم قىلغان، ئۇ تور تېلېۋىزىيە ساھەسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا 300 دىن ئارتۇق پروگراممىلارنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ھەمىشە ئۈچ مىنۇتلۇق تەشۋىقات ۋاقتىدىن پايدىلانغان ھەمدە ئۇنىڭ ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمىنى كۆرگەن. مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن. بۇ ئىدىيە مەن ئۈچۈن بەك ئەھمىيەتلىك تۇيۇلىدۇ.

مەن ئۇنىڭ پەلسەپىسىنى ياخشى كۆرىمەن، بولۇپمۇ نۇتۇقنى ئۈچ مىنۇتقا قىسقارتىشتىن باشقا، شۇ ئۈچ مىنۇتلۇق نۇتۇق سۆزلەش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ كىشىلەرگە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇر ۋە ئىدىيىلەرنى يەتكۈزۈش قائىدىسىنى. بۇ تولىمۇ ئاقىلانىلىك. ئۇنىڭ پەلسەپىسى ئاز سۆز ئارقىلىق كۆپ ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈش. بۇ «خۇلاسىلاش» يەنى سامبىرىيىس (Summaries. Com) تور بېتىمىزگە بەك ماس كېلىدۇ، چۈنكى بىزنىڭ تور بېتىمىزنىڭ مەقسىدىمۇ كىشىلەرنى ئوقۇشقا ئاز ۋاقىت سەرپ قىلىپ، كۆپ ئۇچۇرلارغا ئېرىشتۈرۈشتۇر. بەلكىم مېنىڭ بۇ كىتابنى بۇنچە ياخشى كۆرۈشۈمنىڭ سەۋەبى برانت پىنۋىدىك (Brant Pinvidic) بىلەن روھداش بولغانلىقىم ئۈچۈندۇر. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ناھايىتى ئېسىل بىر كىتاب،بۇندىن كېيىن مەن ئەڭ ياقتۇرىدىغان كىتاپقا ئايلىنىپ قالدى. ھۆرمەتلىنىڭ.

ئىنگلىزچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

https://summaries.com/blog/the-3-minute-rule



# جەننەتنىڭ يولى ۋەتەندىن ئۆتىدۇ

مۇھەممەد يۇسۇپ

# جەننەتنىڭ يولى ۋەتەندىن ئۆتىدۇ

مۇھەممەد يۈسۈپ

ئىسلام دىنىمىزدا ۋەتەننى قوغداش ئەڭ ئالدىنقى پەرھىزلەرنىڭ بىرىدۇر. قۇرئان كەرىمدە جىهاد ھەققىدە چۈشكەن تۇنجى ئايەتنىڭ ۋەتەن سەۋەبلىك چۈشكەنلىكىنى بىلگىنىمىزدە بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىمىز. ﴿أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَاتَلُونَ بِأَنَّهُمْ ظُلِمُوا وَإِنَّ اللَّهَ عَلَى نَصْرِهِمْ لَقَدِيرٌ. الَّذِينَ أُخْرِجُوا مِنْ دِيَارِهِمْ بِغَيْرِ حَقٍّ إِلَّا أَنْ يَقُولُوا رَبُّنَا اللَّهُ﴾ «ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئۇلار پەقەت «رەببىمىز ئاللاھتۇر» دېگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلغان ئىدى»[1]. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلارغا ئۆزلىرىنى ئانا ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقارغان، ئۆي-جايلىرىنى ۋە مال-مۈلكىنى تارتىۋالغان زالىملارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى پەرز قىلغان. بۇ ئايەتتە، مۇسۇلمانلارنىڭ «رەببىمىز ئاللاھتۇر» دېگەنلىكى ئۈچۈن ئۆز يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقى ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقا بۇيرۇلغانلىقىنىڭ سەۋەبى قىلىپ كۆرسىتىلگەن.

ۋەتەننى قۇتقۇزۇش يولىدا ئۇرۇش قىلىش ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىنغانلىقتۇر. ﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الْمَلَإِ مِنْ بَنِي إِسْرَائِيلَ مِنْ بَعْدِ مُوسَى إِذْ قَالُوا لِنَبِيٍّ لَهُمُ ابْعَثْ لَنَا مَلِكًا نُقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ قَالَ هَلْ عَسَيْتُمْ إِنْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِتَالُ أَلَّا تُقَاتِلُوا قَالُوا وَمَا لَنَا أَلَّا نُقَاتِلَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَقَدْ أُخْرِجْنَا مِنْ دِيَارِنَا وَأَبْنَائِنَا فَلَمَّا كُتِبَ عَلَيْهِمُ الْقِتَالُ تَوَلَّوْا إِلَّا قَلِيلًا مِنْهُمْ وَاللَّهُ عَلِيمٌ بِالظَّالِمِينَ﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) ساڭا مۇسادىن كېيىن كەلگەن ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ كاتتىباشلىرىنىڭ خەۋىرى يەتمىدىمۇ؟ ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىگە: «بىزگە بىر پادىشاھ تىكلەپ بەرگىن، ئۇنىڭ باشچىلىقىدا ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلايلى» دېيىشكەن ئىدى. پەيغەمبەر: «سىلەرگە جىهاد قىلىش پەرز قىلىنسا جىهاد قىلماي قالساڭلارچۇ؟» دېدى. ئۇلار: «يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە پەرزەنتلىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق، قانداقمۇ ئاللاھ يولىدا جىهاد

قىلمايلى؟» دېدى. ئۇلارغا جىهاد قىلىش پەرز قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمىدىن باشقا ھەممىسى (جىهاد قىلىشتىن) باش تارتتى. (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ئوبدان بىلگۈچىدۇر»[2]. بۇ ئايەتنىڭ «يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە پەرزەنتلىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق، قانداقمۇ ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلمايلى؟» دېگەن قىسمى بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۆز يۇرتىنى قايتۇرۇپ ئېلىش يولىدا ئۇرۇش قىلىشنىڭ ئاللاھ يولىدا قىلىنغان جىهاد ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ۋەتەننى قولدىن بېرىش ئۆلگەن بىلەن تەڭدۇر. ﴿وَلَوْ أَنَّا كَتَبْنَا عَلَيْهِمْ أَنِ اقْتُلُوا أَنْفُسَكُمْ أَوِ اخْرُجُوا مِنْ دِيَارِكُمْ مَا فَعَلُوهُ إِلَّا قَلِيلٌ مِنْهُمْ﴾ ئەگەر بىز ئۇلارغا: «ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار» دەپ ئەمر قىلغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئاز بىرقىسمىدىن باشقىسى بۇنى ئىجرا قىلمايتتى»[3]. بۇ ئايەت جاننى قوغداش قانچىلىك زۆرۈر بولسا ۋەتەننى قوغداشنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ بەك زۆرۈر ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

بىراۋنى ئۆز ۋەتىنىدىن چىقىرىۋېتىش ئۇنى ئۆلتۈرۈش ياكى دارغا ئېسىش ۋە ياكى پۇت- قولىنى كېسىش بىلەن تەڭدۇر. ﴿إِنَّمَا جَزَاءُ الَّذِينَ يُحَارِبُونَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَيَسْعَوْنَ فِي الْأَرْضِ فَسَادًا أَنْ يُقَتَّلُوا أَوْ يُصَلَّبُوا أَوْ تُقَطَّعَ أَيْدِيهِمْ وَأَرْجُلُهُمْ مِنْ خِلَافٍ أَوْ يُنْفَوْا مِنَ الْأَرْضِ ذَلِكَ لَهُمْ خِزْيٌ فِي الدُّنْيَا وَلَهُمْ فِي الْآخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾ «ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى ئۇرۇش ئاچىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قولى ۋە سول پۇتى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ جازا ئۇلارنى دۇنيادا رەسۋا قىلىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇلارغا چوڭ ئازاب باردۇر»[4].

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى قۇرئان كەرىمنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن بەرگەن تەبىرلىرىدۇر. بۇ ئايەتلەردە كۆرگىنىمىزدەك، قۇرئان كەرىم ۋەتەننىڭ قىممىتىنى ۋە ئۇنى قوغداشنىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان يېگانە كىتابتۇر. دۇنيادا ھېچقانداق كىتاب ۋە ھېچقانداق دىن ۋەتەنگە قۇرئان كەرىم قىممەت بەرگەندەك قىممەت بەرگەن ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم ئىشى دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇستەقىل ۋەتەن بولغاندىلا ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ياشاتقىلى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىھادلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك نەمۇنىلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا يۈز بەرگەن بەدرى، ئۇھۇد ۋە خەندەك قاتارلىق چوڭ ئۇرۇشلارنىڭ ۋەتەننى قوغداش يەنى مەدىنە مۇنەۋۋەردىن ئىبارەت مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى دۆلىتىنى ۋە يېگانە ۋەتىنىنى قوغداش ئۈچۈن بولغانلىقىنى ۋە مۇشۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى مەدىنە مۇنەۋۋەر شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەنلىكىنى بىلگىنىمىزدە، جىھادنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدى بىرى ئىسلام دىيارىنى قوغداش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىمىز. چۈنكى بەدرى ئۇرۇشى ھىجرىيىنىڭ 2-يىلى (624م) رامىزان ئېيىنىڭ 17-كۈنى جۈمە سەھەر ۋاقتىدا مەدىنە مۇنەۋۋەر شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بەدىر دېگەن جايدا بولغان. ئۇھۇد ئۇرۇشى ھىجرىيىنىڭ 3-يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 7-كۈنى (مىلادىيە 625-يىلى 23-مارت) مەدىنە مۇنەۋۋەر شەھىرىدىكى ئۇھۇد تېغىدا بولغان. خەندەك ئۇرۇشى ھىجرىيىنىڭ 5-يىلى شەۋۋال ئايىدا (627م) مەدىنىگە يېقىن بىر جايدىكى سەل تېغىنىڭ ئېتەكلىرىدە بولغان. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى باشقىلارنىڭ ۋەتىنىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇرۇش قىلمىغان، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتىنى بولغان مەدىنە شەھىرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئۇرۇشقان. شۇڭا بۇ ئۇرۇشلار مەككىدە ياكى باشقا جايلاردا ئەمەس، مەدىنە شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا بولغان. چۈنكى، كاپىرلار ئىسلام دىيارىغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن، مۇسۇلمانلار بولسا ئىسلام دىيارىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقان ۋە ئۇلارنى ئارقىغا قايتۇرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئىسلام دىيارلىرىنى قوغداش يولىدا جىھاد قىلىپ، بارغان جايلىرىدا شېھىت بولغان ۋە قەبرىلىرى شۇ جايلاردا قالغان. كۆپلىگەن ساھابىلەرنىڭ قەبرىلىرىنىڭ شام، ئىراق، مىسىر، يەمەن، تۈركىيە، ئىران، ئەزەربەيجان قاتارلىق جايلاردا قالغانلىقى بۇنىڭ مىسالى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز يۇرتىنى ئازاد قىلىش يولىدىكى كۈرەشلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىنكى ئون يىللىق ھاياتىنى مىسال قىلىدىغان بولساق، ئۇ زاتنىڭ مەدىنىدىكى ھاياتى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى دۆلىتى بولغان مەدىنە مۇنەۋۋەر شەھىرىنى مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداش بىلەن، مۇھاجىرلارنىڭ ئەسلى ۋەتىنى بولغان مەككە مۇكەررەمە شەھىرىنى مۇشرىكلارنىڭ چاڭگىلىدىن ئازاد قىلىش ئارزۇسى ۋە تەييارلىقى بىلەن ئۆتكەنلىكىنى بىلىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىنىڭ 13 يىلىنى مەككىدە، قالغان 10 يىلىنى مەدىنىدە ئۆتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى 13 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىدا ئاۋۋالقى ئۈچ يىلنى كىشىلەرنى ئىسلامغا

مەخپىي دەۋەت قىلىش، كېيىنكى ئون يىلنى ئىسلامغا ئاشكارا دەۋەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، بۇ جەرياندا شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە قانۇن-تۈزۈملىرى بەلگىلەنمىگەن. پەقەت مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بېرىپ، ئۇ جايدا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇستەقىل دۆلىتى بولغاندىن كېيىن، كۆپلىگەن ئىسلام پەرزلىرى، شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە قانۇن-تۈزۈملىرى بۇيرۇلۇشقا باشلىغان. بۇنىڭدىن شۇ خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇكى، دىنىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە ئىبادەتلەرنى ئەركىن ھالدا ئورۇنداش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ۋەتەن كېرەك، مۇستەقىل دۆلەت كېرەك.

## ۋەتەن چۈشىگە كىرەمدۇ؟

ئىنسانىيەتنىڭ ئېپتىخارلىق ئۈلگىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەربىر ۋەتەنپەرۋەر ئىنسانغا ئوخشاش ئۆز ۋەتىنىنى سۆيەتتى، ئۇنىڭغا تەلپۈنەتتى ۋە ئۇنى دۈشمەنلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن ئازاد قىلىشنى كېچە-كۈندۈز ئويلايتتى، ئۇنىڭ پىلانىنى تۈزەتتى ۋە شۇ پىلان بويىچە ھەرىكەت قىلاتتى، ھەتتا ئۇخلىغاندىمۇ مەككىگە بېرىپ چۈش كۆرەتتى. ﴿لَقَدْ صَدَقَ اللَّهُ رَسُولَهُ الرُّؤْيَا بِالْحَقِّ لَتَدْخُلُنَّ الْمَسْجِدَ الْحَرَامَ إِنْ شَاءَ اللَّهُ آمِنِينَ مُحَلِّقِينَ رُءُوسَكُمْ وَمُقَصِّرِينَ لَا تَخَافُونَ﴾ «ئاللاھ پەيغەمبىرىگە راست چۈش كۆرسەتتى. (ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ خالىسا، سىلەر خاتىرجەم بولغان (بەزىلىرىڭلار) باشلىرىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار) قىرقىغان ھالدا، قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرەمگە كىرىسىلەر»[6] دېگەن ئايەتمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ۋەتىنى مەككىنى قانچىلىك بەك سېغىنغانلىقىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا كىرىشكە قانچىلىك تەقەززا بولغانلىقىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىلىرىدىن بىرىدۇر. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئادەم ئۆزى قاتتىق تەشنا بولغان ۋە ئېھتىيادى شۇنىڭدا بولغان نەرسىسىنى چۈشەيدۇ. بۇ خۇددى قاتتىق ئۇسساپ كەتكەن ئادەمنىڭ سۇ ئىچىپ ياكى سۇ ئىزدەپ چۈش كۆرگىنىگە ئوخشاش بىر ئىشتۇر.

پەيغەمبىرىمىز ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزى ئارزۇ قىلىپ ھەرىكەت قىلغان، سەۋەب قىلغان، ھەتتا شۇنى چۈشەپ، شۇنى ئويلاپ كۈنلىرىنى، ئايلىرىنى ۋە يىللىرىنى ئۆتكۈزگەن ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بىزچۇ؟ بىز چۈشىمىزدە ۋەتىنىنى ئاخىرقى قېتىم قاچان كۆردۇق؟ ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ۋەتەن سۆيگۈسى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى ياكى ئەدىبلەرنىڭ ۋە ۋائىزلارنىڭ دەبدەبىلىك سۆزلىرى بىلەن ئەمەس، پىداكار روھ بىلەن توختاۋسىز ئىشلەش ئارقىلىقلا ھەقىقىي ئىپادىسىنى تاپىدۇ. خۇددى يالقۇن روزى ئېيتقاندەك، «يىراقلاردا تۇرۇپ ۋەتەننى سېغىنىش ئالاھىدە ئىش ئەمەس، ۋەتەن ئۈچۈن ئەلەم چېكىش قالتىس ئىش»[7] تۇر. توغرا، ۋەتەن ئۈچۈن ئەلەم چەككەنلەر

بەدەل تۆلەشتىن قورقمايدۇ، ۋەتەن تۇيغۇسىدا مەردانە ياشايدۇ، ۋەتەن داۋاسىنى ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەقىقىي دىندارلىقتۇر.

دۈشمەنلەرنىڭ قىلتاقلىرى ۋە خاتا چۈشەندۈرۈلگەن ھەدىسلەر

مۇسۇلمان ياشلىرىمىزنىڭ مېڭىسىنى ئىسلام نامى بىلەن زەھەرلەشنى پىلانلىغانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك چۈشەنچىسىدىن ۋە ۋەتەن سۆيگۈسىدىن مەھرۇم قىلىپ كەلدى.

1. ئىمام مۇسلىم جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەسەبىيلىككە چاقىرىش ياكى ئەسەبىيلىككە ياردەم قىلىش يولىدا ئۆلىدىكەن، ئۇ كاپىرلىق ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ»[8]. ھەدىستىكى ئەسەبىيلىك قەبىلىۋازلىقنى، بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىگە قايتىش ئۈچۈن قىلىنغان بارلىق ھەرىكەتلەرنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ غەلىبىسىگە تەڭ كېلەلمەي مەجبۇرىي مۇسۇلمان بولغان ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ تولىسى پۇرسەت تاپسىلا ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىگە قايتىشنى ۋە شۇ جاھىلىيەتكە دەۋەت قىلىشنى قولدىن بەرمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا بەزى ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا باش كۆتۈرگەن مۇرتەدلىك (دىندىن يېنىۋېلىش) ھەرىكىتى بۇنىڭ مىسالى. ئۇ چاغدا، مەككە، مەدىنە ۋە تائىف شەھەرلىرىدىن باشقا شەھەرلەردىكى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ كۆپ سانلىقى مۇرتەد بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «كىمكى ئەسەبىيلىككە چاقىرىش ياكى ئەسەبىيلىككە ياردەم قىلىش يولىدا ئۆلىدىكەن، ئۇكاپىرلىق ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ» دېگەن سۆزى ئىسلامدىن يېنىۋېلىپ، بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىگە قايتماقچى بولغان ئەرەبلەرگە قارىتىلغان ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ئەمما مۇسۇلمان ياشلىرىنى زەھەرلەشنى پىلانلىغانلار بۇ ھەدىسنى تەتۈر چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى ۋەتەنپەرۋەرلىككە قارىتىلغان دەپ جۆيلۈگەن. ئاندىن «ئىسلامدا ۋەتەن دەۋاسى قىلىش يوق» دېگەن شوئارنى ياڭراتقان. ھالبۇكى، ئىسلام دىنىمىز ۋەتەنپەرۋەرلىكنى قوللايدۇ. شۇمۇ ئېنىقكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەقىقىي دىيانەتنىڭ ئىپادىسىدۇر.

2. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ‹بىرى ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، يەنە بىرى

ئەسەبىيلىك ئۈچۈن ئۇرۇشىدۇ، يەنە بىرى ئۆزىنىڭ باتۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇلارنىڭ قايسىسى ئاللاھ يولىدا بولغان ئۇرۇش بولىدۇ؟› دەپ سورالغىنىدا، ‹كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇشىدىكەن، ئاشۇ ئاللاھ يولىدىكى ئۇرۇش بولىدۇ› دەپ جاۋاب بەرگەن». بۇ ھەدىسنى بۇرمىلىغانلار ھەدىستىكى «ئەسەبىيلىك» دېگەن سۆزنى «ۋەتەننى دەپ ئۇرۇش قىلىش»، «مىللەتچىلىك قىلىپ ئۇرۇشۇش» دەپ شەرھلەپ، مۇسۇلمان ياشلىرىنى ۋەتەن سۆيگۈسىدىن، ۋەتەن دەۋاسىدىن ۋاز كېچىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدى. ھالبۇكى، ھەدىسلەردە كەلگەن «ئەسەبىيلىك» ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىگە قايتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان قىلمىشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ھەدىس ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى «ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش» دېگەن سۆز ۋەتەننى قوغداشنىڭ پەرزلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

چۈنكى مۇستەقىل ۋەتەن بولغاندىلا ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلغىلى، ئاللاھ تائالا ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇندىغىلى ۋە ئىسلام قانۇنىنى ئىجرا قىلغىلى بولىدۇ. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئايلىق مۇساپىنى بېسىپ تەبۇك دېگەن جايغا بېرىپ، ئۇ جايدا ئىسلام دۆلىتىگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن توپلانغان 40 مىڭدىن ئارتۇق رىم قوشۇنىغا ھەيۋە كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئۇرۇشمىسىز يېڭىپ، مەدىنىگە غالىبلارچە قايتقانلىقى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرىقى ئۈلگىسى ئىدى. چۈنكى شۇ چاغدا بىزىنتىيە ئىمپېراتورلۇقى ئۆز قوشۇنلىرىنى ۋە رايوندىكى غەسسانىيە ئەرەب قوشۇنلىرىنى توپلاپ مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنى يىقىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش تەييارلىقىغا چۈشكەن بولۇپ، بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيەنىڭ 9- يىلى (مىلادىيەنىڭ 630- يىلى) ياز كۈنلىرى ھاۋانىڭ قاتتىق ئىسسىقلىقىغا، مۇساپىنىڭ ناھايىتى ئۇزاقلىقىغا قارىماي، 30 مىڭ كىشىلىك ئىسلام قوشۇنىنى باشلاپ تەبۇك رايونىغا بارغان. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئۇرۇشقا چىقمىغان بولسا، ئۇلار مەدىنىگە ھۇجۇم قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ بىردىنبىر ۋەتىنى بولغان مەدىنە قولدىن كېتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا بولغان بۇ ھوشيارلىقنىڭ ۋە ئۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنىڭ يۈزدىن بىرى ھازىرقى مۇسۇلمانلاردا بولغان بولسا ئىدى، ئىسلام دىيارى بۈگۈنكىدەك بەزىسى مۇستەملىكىدە، بەزىسى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بېقىندىلىقىدا قالمىغان بولاتتى. 16- ئەسىردىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىن باشلاپ مۇسۇلمانلار ئىسلام دىيارىغا خىرىس قىلىۋاتقانلار بىلەن كارى بولمايدىغان، دۈشمەن بېسىپ كىرمىگۈچە ئورنىدىن قىمىرلىماي ئولتۇرۇشنى ئەۋزەل كۆرىدىغان بولۇپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى.

3. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئۆزىنىڭ مال-مۈلكىنى قوغداش يولىدا ئۆلگەن ئادەم شېھىتتۇر، ئۆزىنىڭ جېنىنى قوغداش يولىدا ئۆلگەن ئادەم شېھىتتۇر، ئۆزىنىڭ دىنىنى قوغداش يولىدا ئۆلگەن ئادەم شېھىتتۇر، ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى قوغداش يولىدا ئۆلگەن ئادەم شېھىتتۇر». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان، ئەللامە ئەلبانى «سەھىھ» دەپ باھالىغان. بۇ ھەدىسنى ئۆلىمالار مۇنداق شەرھلىگەن: «ئۆزىنىڭ مال-مۈلكىنى ياكى ئائىلىسىنى ياكى دىنىنى قوغداش يولىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم ئاللاھ يولىدا شېھىت بولغانلار قاتارىغا كىرىدۇ ۋە ئاخىرەتتە شېھىتلەرگە تەييارلانغان مۇكاپاتلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ». مەلۇمكى، مۇستەقىل ۋەتىنىڭىز بولمىسا، نە مال-مۈلكىڭىزنى، نە ئائىلىڭىزدىكىلەرنى، نە دىنىڭىزنى قوغداپ قالالمايسىز. شەكسىزكى، جانىنى، مال-مۈلۈكنى، ئائىلىنى ۋە دىننى قوغداپ تۇرىدىغان بىردىنبىر قورغان ۋەتەندۇر. مۇستەقىل ۋەتىنىڭىز بولمىسا، خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندا قىلغاندەك مال-مۈلكىڭىزنى خالىغانچە تارتىۋالىدۇ، ئائىلە ئەزالىرىڭىزنى ئۈستى ئوچۇق تۈرمىلەرگە تاشلايدۇ، ئۇلارنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، جەسەتلەرنى يوشۇرۇن كۆمىدۇ ياكى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، دىنىڭىزنى خارلايدۇ، ھەتتا پۈتۈنلەي چەكلەيدۇ. ئەمدى سىزگە ۋەتەندىن باشقا نېمە كېرەك؟ دېمەك، سىزنىڭ ئىنسانلىق سالاھىيىتىڭىز بىلەن ئەركىن ياشىشىڭىز ئۈچۈنمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ مۆمىن بەندىسى بولۇپ ياشىشىڭىز ئۈچۈنمۇ ۋەتەن كېرەك.

ۋەتەن ئۈچۈن جان بېرىش شەرەپتۇر

شىراق رىۋايىتى

قازاقىستاندا نەشر قىلىنىدىغان «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ 1995- يىللىق مەلۇم بىر سانىدا «شىراق رىۋايىتى» دېگەن ماۋزۇدا بىر ماقالە ئوقۇغان ئىدىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، ماقالىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ئىران شاھى ئىسكەندەر دارا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەبىلىلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كۆچمەن قەبىلە ساكلارنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشىدۇ، قەبىلە ئاقساقاللىرى قارا نىيەت باسقۇنچىلارغا قارشى قانداق تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا، كېڭەش بولۇۋاتقاندا چېدىر ئالدىغا بىر ئادەم كېلىدۇ. بۇ ئادەم پادىچى شىراق بولۇپ، كېڭەش قاتناشچىلىرىغا ئۆزىنىڭ كېلىشتىكى مەقسىتىنى بايان قىلىپ: "مېنىڭ ئاچ-يالىڭاچتا تۇرۇۋاتقان بالىچاقىلىرىم بار ، ئەگەر پەرزەنتلىرىمنىڭ كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمىكىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشقا كېپىل بولساڭلار، مەن ئۆزۈم ھاياتىمنى پىدا قىلىش بەدىلىگە باسقۇنچى دارا لەشكەرلىرىنى تەلتۆكۈس گۇمران قىلىمەن" دەيدۇ. قەبىلە ئاقساقاللىرى ئۇنىڭ ئارزۇسىنى قوبۇل قىلىپ، پەرزەنتلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشقا ماقۇل بولىدۇ. شىراق تەييارلىقنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يېنىدىن شەمشىرىنى چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ قۇلاقلىرىنى ۋە بۇرنىنى شارتىلدىتىپ كېسىپ تاشلاپ، پۈتۈن بەدىنىنى قانغا بويىۋېتىدۇ-دە، ئۆز قەبىلىسىگە خائىنلىق

قىلغان ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، چەتئەل باسقۇنچىلىرى تۇرغان ياققا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. شىراق دارا بىرىنچىنى ئىزدەپ تاپىدۇ ۋە ئەتەي ئۆز قەبىلىسىنى يامانلاپ شىكايەت قىلىپ: "ئەي شاھلارشاھى! مەن ساڭا دوستلۇق ۋە ئىتائەت ئىزھار قىلىش ئارزۇسىدا بولغانلىقىم ئۈچۈنلا مۇشۇ كۈنگە قالدىم. قېرىنداشلىرىمغا 'پادىشاھ دارا ئالىيلىرىغا ئىتائەت قىلايلى' دېگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۇلار رەھىمسىزلىك بىلەن بۇرۇن ۋە قۇلاقلىرىمنى كېسىپ تاشلىدى. شۇڭا، سىزنىڭ ئالدىڭىزغا دات ئېيتىپ كەلدىم. ھالىمغا يېتىپ، قىساس ئېلىشىمغا ياردەم بېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن!" دەيدۇ.

دارا شىراقنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭ ھالىغا ئېچىنىدۇ، ساك قەبىلىسىنى تامامەن قىرىپ تاشلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، شىراقتىن بەزى گەپلەرنى سورايدۇ. شىراق ئىستىپلاچى ئىسكەندەر داراغا مۇنداق خىتاب قىلىدۇ: "شاھ ئالىيلىرى، مەن مېنى مۇشۇنداق مېيىپ قىلىپ تاشلىغان رەقىبلىرىمدىن قىساس ئېلىشتا سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە مۇھتاجمەن. ئۇلارنىڭ قېنىنى دەريا كەبى ئاققۇزمىغۇچە ھەرگىز تىنجىمايمەن، ئۇلارنىڭ يۇرت-ماكانلىرىنى خانىۋەيران قىلىۋېتىپ، ئەھلى-ئەۋلادىنى سۈر-توقاي قىلىۋەتمىگىچە توختاپ قېلىشنى ئەسلا خالىمايمەن. ئەگەر سەن خالىساڭ، لەشكەرلىرىڭنى 'ياۋۇز' ساكلارنىڭ ئالدىغا باشلاپ چىقىمەن. ئۇلار بىخەۋەر تۇرغان ھالەتتىن پايدىلىنىپ، سېنىڭ لەشكەرلىرىڭ ھۇجۇمغا ئۆتسە، ساكلارنى تەلتۆكۈس تارمار كەلتۈرەلەيدۇ. مەن پادىچىلىق قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ئۇ جايلارنىڭ يەر شارائىتى بىلەن ناھايىتى پىششىق تونۇشۇۋالغانمەن. شۇڭا سېنىڭ لەشكەرلىرىڭنى خالىغان جايغا بىخەتەر ۋە تېز باشلاپ بېرىش قولۇمدىن كېلىدۇ. لېكىن، لەشكەرلىرىڭ پەقەت يەتتە كۈنلۈك يولغا يەتكۈدەكلا ئوزۇق-تۈلۈك، سۇ غەملىۋېلىشى لازىم" دەيدۇ.

پادىچى شىراقنىڭ بۇ سۆزلىرى باسقۇنچى دارانىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغايدۇ. ئۇ شىراقنى يول باشلىغۇچى قىلىپ تەيىنلەپ، ساكلارغا قارشى قوشۇن ئاتلاندۇرىدۇ. ئىران لەشكەرلىرى شىراقنىڭ يول باشلىشىدا بىرىنچى كۈنى يېشىل ئوت-چۆپلۈك يايلاقلاردىن، ئىككىنچى كۈنى ئاندا-ساندا گىياھ ئۆسكەن تاقىر داللاردىن ئۆتىدۇ، ئۈچىنچى كۈندىن باشلاپ تونۇردەك قىزىپ كەتكەن پايانسىز چۆللۈككە كىرىپ كېتىدۇ. ئىران لەشكەرلىرى تەشنالىق ۋە دەشت-چۆل قۇيۇنىدىن كۆتۈرۈلگەن قىزىقلىق تەپتىدىن ھالىدىن كېتىشكە باشلايدۇ. ئېغىز-كالپۇكلىرى قۇرۇپ يېرىلىپ، ھالى كۈندىن-كۈنگە بەتتەرلىشىدۇ. لەشكەر باشلىقى رانوس تاقەتسىز ھالدا، ساكلار قەبىلىسىگە يېتىپ بېرىشقا يەنە قانچىلىك مۇساپە قالغانلىقىنى سورايدۇ. پىداكار شىراق يولنىڭ ئاز قالغانلىقىنى ئېيتىپ، لەشكەرلەرنى تېز يۈرۈشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئارىدىن يەتتە كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ، دارا لەشكەرلىرى ساكلار قەبىلىسى تۇرغان جايغا يېتىپ بارالمايدۇ. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى سەزگەن لەشكەر باشلىغى رانوس قاتتىق غەزەبلىنىپ، شىراققا مۇنداق دوق قىلىدۇ: "ئەي تېگى پەس ئىپلاس! سەن ۋەدەڭگە ئەمەل قىلمىدىڭ، بىزنى ئالداپ كەتتىڭ! سەن ئېيتقان ساكلار زادى قەيەردە؟! ھەممە ياق بىپايان چۆل، بۇ

يەرلەردىن ئات يۈرسە تۈيۈغى، قۇش ئۇچسا قانىتى كۆيىدۇ، ساڭمۇ ئايانكى، بىزدە نە سۇ، نە ئوزۇق-تۈلۈك ، نە يەم-خەشەك قالمىدى؟ بۇ تونۇردەك قىززىپ كەتكەن دەشت-قۇملۇقتا يا بىرقەدەم ماڭغىلى بولمىسا، يا بىرقەدەم ئارقىغا قايتقىلى بولمىسا، سەن زادى نېمە قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئىدىڭ؟ سەن پادىشاھنى ئالداشقا، شۇنچە كۆپ غالىپ قوشۇننى ئەجەل گىردابىغا ئىتتىرىشكە قانداق پېتىندىڭ؟"

بۇنى ئاڭلىغان باتۇر ئەزىمەت شىراق لەشكەر بېشىنىڭ قان بىلەن تولغان كۆزلىرىگە مەردانە تىكىلىپ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئۇنى مۇنداق مازاق قىلىدۇ: "مەن يەڭدىم! يالغۇز ئۆزەم پۈتۈن بىر زور قوشۇننى يەڭدىم! جانىجان قەبىلەم ساكلارنىڭ ۋە ئانا ۋەتىنىمنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتلەرنى تەلتۆكۈس يېمىرىپ، باسقۇنچى لەشكەرلەرنى ھالاكەتكە مەھكۇم قىلدىم. ئەمدى سىلەر تۆت ئەتراپنىڭ قايسىسىغا ماڭساڭلار ھەممىسى يەنە يەتتە كۈنلۈكتىن يول، خالىغان تەرەپكە كېتىۋېرىڭلار، بەربىر ھەممىڭلارنى ئاچلىق ۋە تەشنالىق قىيناپ نابۇت قىلىدۇ، مېنىڭ قېنىم بولسا مانا مۇشۇ يەرگە تۆكۈلىدۇ“»[9]. شىراقنىڭ بۇ مەردانە سۆزلىرى لەشكەر باشلىقى رانۇسنىڭ قارا يۈرىكىگە خەنجەردەك قادىلىدۇ. قاتتىق ئىزتىراپ ۋە خەۋپتىن تەلۋىلەشكەن بۇ ۋەھشىي قانخور قىلىچىنى سۇغۇرۇپ شىراقنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزى ۋە ئەسكەرلىرى سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئاجىز كېلىپ، تونۇردەك قىزىپ كەتكەن بىپايان قۇملۇقتا ئاچلىق ۋە تەشنالىق ئىلكىدە ھالاك بولۇپ تۈگەيدۇ. بۇ رىۋايەتنىڭ باش قەھرىمانى شىراق ئۆز ۋەتىنىنى ۋە ئۆز قەبىلىسىنىڭ ھۆرلۈكى ۋە ئەركىنلىكىنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرگەن بىر ئاددىي پادىچى بولۇپ، ئۇ ئېگىلمەس-سۇنماس قەيسەر ئىرادىگە، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا، پاك ۋىجدانغا ئىگە بولغان غايىۋى قەھرىماننىڭ ئوبرازىدۇر. بۇ رىۋايەت قەدىمكى دەۋرلەردىن بۇيان ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى باشقا مىللەتلەر ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىدا قەھرىمانلىقنىڭ بەدىئىي ئوبرازلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئۇنۇملۈك تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى.

## ياپونلۇق ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ ھېكايىسى

يالقۇن روزىنىڭ «تەنقىدنىڭ كۆزىدە» ناملىق ئەسىرىنىڭ بىرىنچى بابىدا «ۋەتەنپەرۋەرلىك» دېگەن ماۋزۇدىكى بىر ماقالىنى قايتا-قايتا ئوقۇپ چىققان ئىدىم. ماقالىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياپونىيەلىك ئىككى ئوقۇغۇچى ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيادا ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ تەرەققىي تاپقان دۆلەت ئەنگلىيەنىڭ ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىغا سانائەت پەنلىرىنى ئوقۇشقا چىقىپتۇ. ئۇلار ئەنگلىيەنىڭ گۈللەنگەن سانائىتىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشۇپتۇ. ئۆز دۆلىتىنىڭ سانائەت ئاساسىنىڭ تولىمۇ ئاجىزلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈنۈشۈپتۇ. سانائەت بىر دۆلەتنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى تەرەققىياتىنىڭ

تۆپ ئاساسى، شۇنداقلا كۈچ-قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسى بولغاچقا، بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن ياپونىيەلىك بۇ ئىككى ئوقۇغۇچى ئەنگلىيەلىك ساۋاقداشلىرىدىن نەچچە ھەسسە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بىر مىنۇت ۋاقتىنىمۇ زايە قىلماي ئەتىگەندىن كەچكىچە ئوقۇشقا بېرىلىپ ئۆگىنىپتۇ. بىر تىيىن پۇلنىمۇ بىھۇدە خەجلىمەي سانائەتكە ئائىت ئەڭ يېڭى قوللانمىلارنى، نازۇك تېخنىكىلارغا ئائىت چېرتيوزلارنى توپلاپتۇ. ئۇلار ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇشنى ناھايىتى جاپادا، ئەمما ئىنتايىن كۆڭۈلدىكىدەك تاماملاپ، دوكتورلۇق تاجىنى باشلىرىغا كىيىشىپ، يۇك-تاقلىرىنى تېڭىشىپ ئانا ۋەتىنى ياپونىيەگە قايتىشقا جابدۇنۇپتۇ، ئويلىمىغان يەردىن ئەنگلىيە تاموژنىسى ئۇلارنىڭ توپلىغان ماتېرىيال-چېرتيوزلىرىنى چېگرادىن ئېلىپ ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلماپتۇ، بۇ ئىككى نەپەر ياپونىيەلىك ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆز ۋەتىنى ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر بولغان بۇ ماتېرىياللارنى تاشلاپ قايتقۇسى كەلمەپتۇ. نائىلاج قالغان بۇ ئىككى ئوقۇغۇچى ئاخىر كىشىنىڭ پاراستى ۋە جاسارىتىدىن تاشقىرى بىر ئامالنى ئويلاپ تېپىپتۇ.

ئىككىسى بىر نىيەت، بىر مەقسەتكە كېلىپ پۈتۈشۈپتۇ، ئۇلار مەردانىلىك بىلەن چەك تاشلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بىرى ئۆلۈم يولىنى تاللاپتۇ، يەنە بىرى، ئۆلگۈچىنىڭ قورساق بوشلۇقىنى پاك-پاكىز ئادالاپ، ئىچىگە ئەڭ زۆرۈر ماتېرىياللارنى قاچىلاپ تىكىپتۇ، ئاندىن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا "ئوپېراتسىيەدە ئۆلۈپ كەتكەن، جەسىتىنى ۋەتەنگە ئېلىپ كېتىپ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرمىسەم بولمايدۇ" دەپ مەلۇم قىلىپ، پاراخوت بىلەن ياپونىيەگە قايتۇتۇپ كېتىپتۇ. ياپونىيەلىك بۇ ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن ئىككىلەنمەي جان پىدا قىلىشى كىشىنى ھەقىقەتەن ئويلاندۇرىدۇ. بىز ئادەتتە كۈندىلىك تۇرمۇشتا ۋەتەن ھەققىدە گەپ ساتىدىغان كىشىلەرنى كۆپ ئۇچرىتىمىز، ئەمما كۆپىنچىمىز ھالقىلىق پەيتتە باشقىلارنىڭ بەدەل تۆلىشىنى ئارزۇ قىلىپ، ئۆزىمىز قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇۋالىمىز»[10].

نەقىل مەنبەلىرى:


[1] ھەج سۈرىسى: 39-40- ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى: 246- ئايەت.
[3] نىسا سۈرىسى:66-ئايەت.
[4] مائىدە سۈرىسى:33-ئايەت.
[5] فەتھ سۈرىسى: 27- ئايەت.
[6] فەتھ سۈرىسى: 27- ئايەت.
[7] «تەنقىدنىڭ كۆزىدە» 2- بەت.
[8] سەھىھ مۇسلىم، 1850- ھەدىس.
[9] «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتى، 1995- يىللىق سانىدىن.
[10] «تەنقىدنىڭ كۆزىدە» 1-2- بەتلەر.


تارىخ ۋە بىز
پايچەك بازىرىدىكى تارىخى
ئەپسانە — جېسسى لىۋېرمور
مەھمەتجان بۇغرا

## پايچەك بازىرىدىكى تارىخى ئەپسانە — جېسسى لىۋېرمور

مەھمەتجان بۇغرا

پۇل مۇئامىلە بازىرىغا، بولۇپمۇ پايچەك بازىرىغا قىزىققانلارنىڭ ھەممىسى ۋاررېن باففېت ۋە ئۇنىڭ قانداق پۇل تاپقانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى بىلىدۇ. ۋاررېن باففېت ھەقىقەتەن مۆجىزىلىك شەخس، ئەمما ۋاررېن باففېت 60 ياشقىچە كىرگىچە ئادەملەر ئۇنى ئانچە بىلىپ كەتمەيتى. ئۇ ئادەم پايچەك بازىرىدا تاپقان پۇلىنىڭ 98% تىن ئارتۇقىنى 60 ياشتىن كېيىن تاپقان. ۋاررېن باففېت 5 يېشىدا مەبلەش سېلىشنى ئۆگىنىشنى باشلىغان، 60 يىل قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، نۇرغۇن زىيان بىلەن تەجرىبە توپلاپ ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ھېچ چېكىنمەي تىرىشتى، ۋە 70 ياشقا يېقىنلاشقاندا شۇنچە يىللىق تىرىشىش ۋە تەجرىبە بىراقلا مېۋە بەردى.  ۋاررېن باففېتتەك بولۇش ئۈچۈن 60 يىللىق  سەۋىر تاقەت ۋە بوشاشماسلىق روھى لازىم...  بۇنى ئادەتتىكى كۆپىنچە مەبلەغ سالغۇچىلار قىلالمايدۇ. ۋاررېن باففېت ئۆمرىدە بىر قانچە كىتاپ يازغان، ئۆزىگە ئەڭ تەسىر قىلغان كىتاپلارنى كىشىلەر بىلەن ئورتاقلىشىدۇ، كىشىلەرگە بىلگەنلىرىنى ئۆگىتىشكە تىرىشىدۇ، شۇنداقلا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلايدۇ.

ئەمما پايچەك بازىرىدا كەسپى ئىلىم سېتىم قىلىۋاتقانلار،  پىشقان ۋە تەجرىبىلىك  پايچەككە مەبلەغ سالغۇچىلار ۋاررېن باففېتتىن بەكرەك، بىر ئەسىر بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن جېسسى لىۋېرمور نىڭ تاكتىكىسىدىن ئۆگىنىشنى خالايدۇ.  ۋاررېن باففېت ھەقىقەتەن ۋال ستىرىتتىكى مەبلەغ سالغۇچىلار ئورتاق ئېتراپ قىلىدىغان ئەڭ ياخشى مەبلەغ سالغۇچى.   ئەمما ئەڭ ياخشى ستراتېگىيە ۋە تاكتىكا ئۆگەتكۈچى ئەمەس. مەن بىر قانچە پايچەك ئىلىم سېتىم گۇرۇپپىلىرىغا، سۆھبەت يىغىنلىرىغا قاتناشتىم، قاتناشقانلار  ئىچىدە ۋال ستىرىتتىكى تەسىرى بار كىشىلەرمۇ  بار ئىدى. داڭلىق، كەسپى پايچەك ئوينايدىغانلارنىڭ توردىكى بىلىم خاراكتېرلىك نۇرغۇن ۋىدىئولارنى كۆردۈم، ھەممىسىنىڭ تەۋسىيە

قىلدىغىنى جېسسى لىۋېرمور نىڭ مەبلەغ سېلىش ئۇسۇلى، ئۇنىڭ تاكتىكىسى ۋە ئۇ ھەققىدىكى كىتابلار ئىدى.

ھالبۇكى جېسسى لىۋېرمۇر بىرمۇ كىتاپ يازمىغان. ئۇ ئادەمنىڭ ئەسكى قەغەزگە سىزىپ قويغان بىر نەچچە دىئاگىراممىا، ۋە بىر كونا خاتىرە دەپتىرىدىكى بىر نەچچە بەت يازمىلار كېيىنكى كىشىلەر تەرىپىدىن بايقىلىپ ۋە تەتقىق قىلىنىپ، شۇ پارچە پۇرات يازمىلار ئاساسىدا ئۇنىڭ ستراتېگىيىسى ھەققىدە نۇرغۇن كىتابلار يېزىلغان.

جېسسى لىۋېرمورنىڭ دەسلەپتىكى ھاياتى

1891-يىلى بىر سوغۇق ئەتىگەندە، 14 ياشلىق بىر بالا يانچۇقىدا پەقەت 5 دوللار پۇل ۋە ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئارزۇسى بىلەن بوستونغا كېلىدۇ. بۇ بالا جېسسى لىۋېرمور بولۇپ، كېيىنچە ۋال ستىرىت تارىخىدىكى ئەڭ ئەپسانىۋى شەخسكە ئايلىنىشنى ھېچكىم ئويلىمىغان. ئۇ 5 دوللار بىلەن پايچەك سودىسىنى باشلاپ نەچچە قېتىم ۋەيران بولدى ۋە يەنە نەچچە قېتىم مىليونېر بولدى.



كىچىك جېسسى ئۈچ ياشقا كەلمەيلا ئوقۇش-يېزىشنى پۇختا ئۆگىنىپ بولغانىدى. ماساچۇسېتستا نامراتچىلىقتا تۇغۇلغان بولۇپ، 14 يېشىدا دادىسى ئۇنى مەكتەپتىن چىقىرىپ دېھقانچىلىق قىلدۇرماقچى بولغانىدا، جېسسى بۇ خىل ئادىدى ھاياتقا قانائەت قىلمىغان، شۇنىڭ بىلەن 14 يېشىدا ئۆيدىن قېچىپ چىققان. ئۆيدىن قېچىش ئۇنىڭ تۇنجى مۇۋەپپەقىيەتى بولۇپ ئۆزىنى قانىتى چىققان قۇشتەك ھېس قىلغان. ئۇ بوستونىدىكى بىر سودا شىركىتىدە باھا خاتىرلىگۈچى بولۇپ ئىشقا كىرىپ، ھەپتىسىگە 5 دوللار ئىش ھەققى ئالغان. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى پاي ۋە مال-مۈلۈك باھالىرىنى قارا تاختىغا يېزىش ئىدى. مانا شۇ يەردە، داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان رەقەملەر بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرۈپ ئۆزىنىڭ بۇ خىل سان سىفىرلارغا يۈكسەك ئىشتىياقى بارلىقىنى بايقىغان.

## تەۋەككۈلچىلىك

بوستونىدىكى شىركەتتە ئىشلەۋاتقانىدا جېسسى ئۆزى خاتىرلىگەن رەقەملەردىكى ئۆزگىرىش - باھا ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى بايقىدى. ئۇ بىر دەپتەر تۇتۇپ، باھا ئۆزگىرىشلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن خاتىرىلەشكە باشلىدى. تۆمۈر يول پايلىرىغا سالغان تۇنجى 5 دوللارلىق مەبلىغىدىن 3.12 دوللار پايدا ئالدى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ كۆپ پۇلدەك كۆرۈنمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما ھەپتىسىگە 5 دوللار تاپىدىغان بىر بالا ئۈچۈن بۇ بىر چوڭ ئۇتۇق ۋە ئىلھام ئىدى.

16 ياشقا كىرگەندە خېلى ماھىر تەۋەككۈلچى بولۇپ قالدى. جېسسى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىنى پايچەككە دو تىكىدىغان دۇكاندا ئۆتكۈزەتتى، بوستوندا قىمارخانىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ خىل دوكانلار كۆپ ئىدى، بۇ يەرلەردە كىشىلەر پاي سېتىۋالماستىنلا پاي باھاسىغا مەبلەغ سالالايتتى. جېسسى خىزمىتى داۋامىدا خاتىرلىگەن سان سىفىرلار ۋە خاتىرىسىگە يېزىلىۋالغان باھا ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى ھەققىدىكى بايقاشلىرىغا تايىنىپ شۇنداق مۇۋەپپەقىيەت قازاندىكى، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خېلى پۇل تاپتى، كېيىن بۇ دۇكانلار بىر-بىرلەپ ئۇنى چەكلەشكە باشلىدى.

## ئون مىڭ دوللارلىق كىچىك بايۋەتچە

ئۇ پايچەك دوكانلىرىدا تاپقان پۇللارنى تىرىشچانلىق بىلەن يىغدى. جېسسى 23 يېشىغا كەلگەندە 5 دوللاردىن باشلىغان پۇلى كۆپىيىپ 10 مىڭ دوللارغا يەتتى. ئۇ بۇ پۇلنى ئېلىپ نيۇيورك قا، ۋال ستىرىت قا كەلدى، ۋە خاتىرىسىدىكى پىرىنسىپلىرىغا ئاساسەن پايچەك بازىرىغا مەبلەغ سېلىپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە 50،0000 دوللار پۇل تاپتى، توغرا، 500 مىڭ دوللار پۇل تاپتى. ( ئۇ ۋاقىتتىكى 500 مىڭ دوللار ھازىرقى 20 مىليون دوللاردەك كۈچى بار ئىدى).

كىچىك تۇرۇپلا باپۇەتتىچىگە ئايلانغان جىبسى ئۆزىنىڭ كونا خاتىرىسىنى ئۇنتۇدى، نۇرغۇن قىز دوست تۇتتى، ھەشەمەتلىك ئۆي سېتىۋالدى، ئەلۋەتتە ئاتا ئانىسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. ۋال سترىتتا ھەقىقەتەن داڭلىق مەبلەغ سالغۇچى بولۇپ قالغان ئىدى. نەتىجىسى ئۇنى بىخۇدلاشتۇردى، ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا تاشلاپ قويغان خاتىرىسىدىكى پىرىنسىپلارنى ۋاقتى ئۆتتى دەپ، ئۆزىنى پايچەك بازىرىدا يېڭىلمەس دەپ قارىدى. زىيادە كىبىرلىك بىلەن پۈتۈن پۇلىنى پاختا قەرەللىك مال سودىسىغا ( Option ) سالدى، نەتىجىدە پۈتۈن پۇلىدىن قۇرۇق قالدى. ئۆيىدىن ئايرىلدى، باي بولغاندىكى دوستلىرى ئۇنى تاشلىدى.

جىبسى چۈشكۈنلۈك ۋە كېسەللىك گىردابىدا يۈرۈپ بىردىنلا كونا خاتىرىسىنى يەنە تېپىۋالدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھېچكىم ئىشەنمەس بولۇپ كەتكەندى. ئۆزى ياخشىلىق قىلغان بىرىنىڭ ياردىمى بىلەن مىڭ تەستە بانكىدىن 2000 دوللار قىسقا مۇددەتلىك قەرز ئالدى. بۇ پۇلنى زىيان تارتسا بولمايتى، ئەگەر پۇ پۇلنى مەبلەغ سېلىپمۇ زىيان تارتسا تۈرمىگە كىرىشى، كېيىنكى ئۆمرىدە قايتا مەبلەغ سېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. جىبسى ھەممىنى تاشلاپ 2000 دوللار بىلەن كونا خاتىرىسىنى ئېلىپ سېنت لۇئىسقا كۆچۈپ باردى. ئۇ يەردە تىنىچ بىر مۇھىتنى تېپىپ خاتىرىسىنى قايتا قايتا ئوقۇدى، ھەر قېتىم خاتىرىسىدىن بىر نەرسە ھېس قىلسا بازارغا بېرىپ يېڭى باھا ئۆزگىرىشىنى خاتىرىلەپ، بازار ئۆزگىرىشىنى قايتا قايتا پىرىنسىپلىرىگە تەدبىقلىدى.

جىبسى پايچەك بازىرىدىكى باھانىڭ زىياد كۆپۈك بولۇپ كەتكەننى بايقاپ پۇرسەت كۈتتى ۋە پۇرسەت پىشتى دەپ قارىغان بىر كۈنى 2000 دوللارنىڭ ھەممىسىنى زىيادە كۆپۈك بولۇپ ئۆرلەپ كەتكەن بىر نەچچە پايچەككە چۈشىدىغانغا تىكتى (short قىلدى) ، چۈشىدىغانغا تىكىش (做空، short قىلىش، پاي باھاسى چۈشىدۇ دەپ پاي قەرز ئېلىپ سېتىپ، باھاسى چۈشكەندە پايلارنى سېتىۋېلىپ قايتۇرۇش ئارقىلىق پايدا ئېلىش ئۇسۇلى ) . 1907 -يىلى 10- ئاينىڭ 14- كۈنى ئامېرىكا پايچەك بازىرى ئۈچۈن ۋەھىملىك بىر كۈن بولدى، پايچەك بازىرىدا باھالار يىمىرىلدى. جىبسى ئاخىرقى قېتىمدا، بىر كۈندىلا 1 مىليون دوللار (بۈگۈنكى 30 مىليون دوللارغا تەڭ) تاپتى. ئەمما بۇمۇ ئۇنىڭ ئەڭ كېيىكى چوڭ پايدىسى ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى.

ۋال سترىتتىكى چوڭ ئېيىق

جېسسىنىڭ ئەڭ مۆجىزلىك  پايچەك سودىسى 1929 ـ يىلدىكى كىرزىس مەزگىلىدە بولدى. بۇ مەزگىل پايچەك بازىرىدا كىرزىستىن كېيىنكى گۈللىنىش ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئىدى، بازاردىكى پايچەك باھاسىدا كۆپۈش بەك ئېغىر ئىدى. جېسسى خاتىرىسىدىكى پىرىنسىپلارغا ۋە سان سىفىرلارغا ئاساسەن يەنە بىر قېتىم ۋەيرانچىلىق بولىدىغىنىنى مۆلچەرلىدى ۋە پۈتۈن پۇلىنى پايچەكلەرنىڭ چۈشۈشىگە مەبلەغ سالدى ، راست ۋەيرانچىلىق يۈز بەرگەندە پۈتۈن بازارنى ۋەھىمە قاپلىغان، ۋال ستىرىتتىكى نۇرغۇن مەبلەغ سالغۇچىلار بىنادىن ئۆزى ناشلاپ ئۆلىۋالغان ئىدى. جېسسىنىڭ ئايالى ۋە ئانىسى جېسسىنىمۇ ۋەيران بولدى، دەپ ئويلاپ ئۆيدىكى نەرسىلەرنى سېتىپ بانكا ئۆينى تارتىۋېلىشتىن بۇرۇن قېچىشقا تەييار تۇرغان بىر چاغدا جېسسى كىرىپ كەلدى، ۋە ئۆزىنىڭ نۇرغۇن پۇل تاپقانلىقىنى دېدى. جېسسى بۇ قېتىم  نەچچە كۈن ئىچىدىلا  ئۇ 100 مىليون دوللار (بۈگۈنكى 1.5 مىليارد دوللارغا تەڭ) تاپتى. جېسسى توختىماي چۈشۈشكە ئالدى.

بۇ چاغدا ئامېرىكا ئىقتىسادى ئېغىر كىرزىسقا دۇچ كەلگەن ئىدى.  ئامېرىكا پرېزىدېنتى ۋال ستىرىتقا بېرىپ مورگاندىن (مورگان ـ شۇ چاغدىكى ۋال ستىرىتتىكى ئەڭ كۈچلۈك بانكىر، ھازىرقى مورگان ستەنلى نىڭ قۇرغۇچىسى)  ئامېرىكا ئىقتىسادىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئامال تېپىشنى ئۆتۈندى. مورگان جېسسىنى ئىزدەپ كېلىپ چۈچۈشكە ئېلىشنى توختىتىشنى ئۆتۈندى.

جېسسى ئۇ پۇللارنى ھەرگىز تەلەي ياكى ئىچكى تۇيغۇغا، ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسى ياكى مەلۇم بىر پايچەك باھاسىغا بولغان مۆلچەرگە تايىنىپ تاپقان ئەمەس، ئۇ قىمارۋاز ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ تايانغىنى — ئۆزىنىڭ ھېسسيات، مۆلچەر ۋە ئويلىغانلىرىنى پۈتۈنلەي بىر ياقىقا قايرىپ قويۇپ تەۋرەنمەي ئەمەل قىلىدىغان پايچەك سودىسىدىكى پىرىنسىپ، تۈزۈمچانلىق، ئەقلىيلىك ئىدى. ئۇنىڭ پىرىنسىپلىرى بۈگۈنگىچە نۇرغۇن ئادەملەر ئەمەل قىلىشنى قوغلىشىدىغان سودا پەلسەپىسىگە ئايلاندى.




«ماگا قايسى پايلارنى سېتىۋېلىشنى ئېيتماڭ، قاچان سېتىۋېلىشنى ئېيتىڭ» دەيتتى جېسسى.

جېسسى پرىنسىپلىرى ۋە باھا ئۆزگىرىشىگە ئەساسەن مەلۇم بىر پايچەكنىڭ ئۆسىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن ئاز مىقتاردا ئېلىپ كۆزىتەتتى، ھۆكمى توغرا بولسا يەنە داۋاملىق ئالاتتى، ئۆسكەنسېرى ئېلىش مىقتارىدىنى كۆپەيتەتتى، باھا ئۆسۈشى توختىغاندىن كېيىن چۈشۈشكە باشلىغاندا چۈشۈش سۈرئىتىنى كۆزىتەتتى ۋە چۈشكەنسىرى سېتىش مىقتارىنى ھەسسىلەپ كۆپەيتەتتى. ئۆسۈش باشلانغان، ياكى ئۆسۈش توختىغان نوقتىلارنى قالتىس نۇقتا (pivotal point) دەپ ئاتىدى ۋە قالتىس نۇقتا نەزەرىسىنى ئوتتۇرغا قويىدى. ئۇ ھەر زامان «بازار ھېچقاچان خاتالاشمايدۇ ـ پەقەت پىكىرلەر ۋە ھۆكۈم خاتالىشىدۇ» دەيتى. بازار ھەرگىز بىرىنىڭ پىكرى، ھۆكۈم قىلىشىغا ئەگىشىپ ھەركەت قىلمايدۇ، ھەرگىز بازارنىڭ يۆنىلىشىگە قارشى ئېلىم سېتىپ قىلماڭ، زىيان تارتقان بولسىڭىز ۋاقتىدا خاتالاشقانلىقىڭىزنى ئېتراپ قىلىپ دەرھال چېكىنىڭ، دەپ ساۋاق بېرەتتى.

جېسسى لىۋېرمۇر مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئويلىغىنى، پەرىزى، مۆلچەرىگە تايىنىپ مەبلەغ سېلىشقا قەتئىي قارشى ئىدى. «مەن ئويلانمايمەن، مۆلچەر ۋە پەرەز قىلمايمەن، خاتىرەمگە يېزىلغان پىرىنسىپقا ئۇيغۇن بولسا، مەبلەغ سېلىش شەرتىم ۋە پىلانىمغا چۈشسە (مەيلى مېنىڭ ھېس تۇيغۇلۇرۇم نىملا دېسۇن) سېتىۋالىمەن. خاتالاشقان بولسام شۇ ھامان سېتىۋېتىپ چېكىنىمەن ۋە يەنە داۋاملىق كۆزىتىمەن، دەيتى. جېسسىنىڭ قارىشىچە ئۆزىنىڭ پايچەك سودىسىدا ستراتېگىيە، پىلان، پىرىنسىپ-تۈزۈم تۈزۈش، خەتەرنى كونترول قىلىش بەك مۇھىم ئىدى. پايدا ئېلىۋاتقاندا ساقلاش، زىيان كۆرۈلۈشكە باشلىغاندا دەرھال چېكىنىپ چىقىش ۋە ئۈمىد كۈتۈپ ساقلىماسلىق، بۇنداق بولغاندا پايدا ئالغان قېتىم سانى ئاز بولسىمۇ ئومۇمى پايدىنىڭ مىقتارى كۆپ، زىيان قېتىم سانى كۆپ بولسىمۇ ئومۇمى مىقتارى ئاز بولىدۇ، دەيتى.

ئۆمرىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا دۇچ كەلگەن كېسەللىك ۋە پىرىنسىپلىرىنى ئۇنتۇغانلىقى سەۋەبلىك پايچەك سودىسىدا ئارقا ئارقىدىن خاتالىق سادىر قىلدى ۋە يەنە ۋەيران بولدى. گەرچە قايتا باش كۆتۈرۈشكە تىرىشسىمۇ زېھنى ۋە قۇۋۋىتى يار بەرمىدى. ئاقىۋەتتە 1940 -يىلى تاپانچا بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.



# بىر تەرەپلىمىلىكنى جەزملەشتۈرۈش: مېڭىڭىز نېمە ئۈچۈن سىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلايدۇ

لۇئىس ئىست

## بىر تەرەپلىملىكنى جەزملەشتۈرۈش: مېڭىڭىز نېمە ئۈچۈن سىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلايدۇ

لۇئىس ئىست

<u>مېڭىڭىز ھەققىدە بىلىشىڭىز كېرەك بولغان مۇھىم مەلۇمات</u>

ئۇ توغرا بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ

سىزنىڭ توغرا بولغاندا، كەيپىياتىڭىز ئىنتايىن ياخشى بولىدۇ (مېڭىڭىزدىن قويۇپ بېرىلگەن خىمىيىلىك ماددىلار تۈپەيلىدىن) ھەمدە ئۆزىڭىزنىڭ ھازىرقى دۇنيا قارىشىڭىزغا ئۇزلۇكسىز جەڭ ئېلان قىلىشقا قارىغاندا تېخىمۇ ئاز ئېنېرگىيە تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا مېڭىڭىزگە رەھمەت دەڭكى ئۇ سىز ئاللىقاچان ئاڭسىز ھالدا ئىشەنگەن ۋە ئېتىقاد قىلىۋاتقان نەرسىلەرنى قوللايدىغان دەلىل-ئىسپاتلارنى توپلاشقا تىرىشىدۇ.

بۇ سىزنىڭ ئۇچۇرلارغا قانداق ئېرىشىش، چۈشىنىش ۋە ئەستە ساقلىشىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن، ئەگەر سىز بىرەرسىنىڭ سىزنى ياقتۇرمايدىغانلىقىغا ئىشەنسىڭىز، ئۇ كىشىنىڭ ھەممە ئىش-ھەرىكەتلىرىگە قارىتا ھەمىشە بەكلا سەزگۈر بولۇپ كېتىسىز. يەنى، سىز بىلەن ئالاقىلىشىشنى خالىمايۋاتقانلىقى ھەققىدىكى ھەرقانداق ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار، مەسىلەن، ئادەتتىكىدىن سوغۇقراق چىراي ئىپادىسى، ئۇچۇرىڭىزغا كېچىكىپرەك جاۋاب قايتۇرۇشى ياكى كېچىكىپ كېلىشى قاتارلىقلار. ئىنتايىن نورمال قىلىقلارنىمۇ سەلبىي چۈشىنىشىڭىز مۇمكىن. سىز باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇشنىڭ نېمە ئۈچۈن قىيىنلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى ئىزدەشكە مايىل بولۇپ، ئۇلارنى ئۆزىڭىزنىڭ «ياقتۇرۇلمايدىغانلىقىڭىز» نى تەستىقلايدىغان شەكىلدە چۈشىنىسىز. باشقا ئۇچۇرلارغا

قارىغاندا، باشقىلارنىڭ سىزنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەققىلەر، ئالامەتلەر ۋە ئۇچۇرلارنى تېخىمۇ ئاسان ئېسىڭىزدە ساقلىۋالالايسىز ۋە ئەسلىيەلەيسىز.

بۇ«بىر تەرەپلىمىلىكنى جەزملەشتۈرۈش» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ نېمە ئۈچۈن ئىككى كىشىنىڭ گەرچە ئوخشاش دەلىل-ئىسپاتلارنى كۆرگەن تەقدىردىمۇ، پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان، ھەتتا قارىمۇ-قارشى كۆز-قاراشلارغا ئىگە بولىدىغانلىقى، ھەمدە ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۆز كۆز -قاراشلىرىنى شۇنچىلىك جەزملەشتۈرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«بىر تەرەپلىمىلىكنى جەزملەشتۈرۈش» سىزنى چۈشەپ قويىدۇ

سىزگە بۇلارنى دېيىشىمدىكى مەقسەت، بۇ ئانا بولۇشنى قانداق ھېس قىلىشىمىزغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. نېمە ئۈچۈن دېگەندە...

ئۆزىڭىز ۋە ھاياتىڭىز ھەققىدە راست دەپ قارىغانلىرىڭىز، نۇرغۇن ئىسپات-پاكىتلار بولغان تەقدىردىمۇ، تولۇق ھەققەت بولماسلىقى مۇمكىن.

بۇلارنىڭ سىزگە ھەققەتتەك تۇيۇلۇشى، سىزنىڭ بۇنىڭغا ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى ئىشىنىپ، ۋە ئۇنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىپ كەلگىنىڭىز ئۈچۈندۇر. ئەمما بۇ يەنىلا راست ئەمەس، شۇڭا بۇنداق ئېتىقادتا چىڭ تۇرىۋېلىشىڭىز ھاجىتى يوق.

ئەگەر سىز ھازىرقى ھاياتىڭىزدىن پەرقلىق بىر ھاياتنى بەرپا قىلماقچى ياكى ھازىرقى قىياپىتىڭىزدىن باشقىچە بىر يوسۇندا ئۆزىڭىزنى نامايان قىلماقچى بولسىڭىز «بىر تەرەپلىمىلىكنى جەزملەشتۈرۈش» ئۇقۇمىنى چۈشىنىشىڭىز بەكمۇ مۇھىم.

سىزنىڭ ھازىرقى ئېتىقادىڭىز، ھازىرقى رېئاللىقىڭىزنى شەكىللەندۈرۈۋاتىدۇ. رېئاللىقىڭىزنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، سىز ھەققەت دەپ چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان، ئەمما ئۆزىڭىز ۋە ھاياتىڭىزغا پايدىسىز ئېتىقادىڭىزنى بايقاپ، ئۇلارنى ئۆزگەرتىشىڭىز كېرەك.

مەسىلەن:

«مەن ناچار ئانا»

«مەن بۇ ئىشتا مەغلۇپ بولۇۋاتىمەن»

«مەن باشقا ئانىلاردەك ياخشى ئانا ئەمەس»

«مەن سۆيۈملۈك ئەمەس»

«بالىلىرىمنى باشقۇرۇش بەك تەس»

«تۇرمۇشۇم بەك جىددىيچىلىك ۋە ئېغىر بېسىم ئىچىدە ئۆتىۋاتىدۇ»

«ئېرىم ئائىلىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىشقا قىزىقمايدۇ»

«مەن چوقۇم... قىلىشىم كېرەك»

«مەن بەك...»

چوڭ مېڭىڭىز ھازىرقى ئەقىدىلىرىڭىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشقا كۆنۈپ كەتكەچكە، دىققەت-ئېتىبارىڭىزنى يېڭى ئېتىقادقا قارىتىشىڭىزغا ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىسپات تويلاش ئۈچۈن مەقسەتلىك تىرىشچانلىق كۆرستىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ.

يېڭى نىشانغا يۈزلىنىش جەريانىدىكى قولايسىزلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش

دىققەت ئېتىبارىڭىزنى يېڭى ئېتىقادىڭىزغا قارىتىۋاتقان ۋاقىتتىمۇ، مېڭىڭىز داۋاملىق كونا ئېتىقادىڭىز ئۈچۈن ئىسپات تويلاشقا تىرىشىدۇ، ۋە شۇنىڭغا ئائىت ئىسپاتلارنى تاپقان چاغدا سىز بەلكى ۋاز كېچىشنى ئويلىشىڭىز ھەمدە ئاشۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان كونا ئەقىدىڭىزدە چىڭ تۇرىشىڭىز مۇمكىن (ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ!).

يېڭى ئېتىقادىڭىزنىڭ دەلىل-ئىسپاتلىرىنى تاپقاندا بولسا بۇنىڭغا بەلكىم كۆنەلمەسلىكىڭىز، بىئارام بولۇشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى يوشۇرۇن ئېڭىمىزدا، تونۇش نەرسىلەر راھەت ۋە بىخەتەر تۇيغۇ پەيدا قىلسا، ناتونۇش نەرسىلەر تەھدىت ۋە قورقۇنۇچلۇق تۇيۇلىدۇ. سىز ھېس قىلغان بۇ بىئاراملىق ھېسسي جەھەتتىكى ماسلىشالماسلىق دەپ ئاتىلىدۇ.

ھېسسي جەھەتتىكى ماسلىشالماسلىق ئۇقۇمىنى تۇنجى قېتىم 1957 ـ يىلى ئىجتىمائىي پسىخولوگ لېئون فېستىڭگېر (Leon Festinger) ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ يېڭى ئۇچۇرلار ئۆزىمىزنىڭ ئېتىقادىمىز بىلەن زىت كەلگەندە ھېس قىلىدىغان روھىي بېسىمنى كۆرسىتىدۇ.

مەۋجۇت ئېتىقادىمىزغا زىت ياكى خىرىس قىلىدىغان پاكىتلار سۇنۇلغاندا، مېڭىمىز ئۇنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى ناچار ئانا دەپ ئىشەنسىڭىز ھەمدە باشقىلار سىزنىڭ بالىڭىزنىڭ قاملاشمىغان قىلىقلىرىنى قانداق ھەل قىلغانلىقىڭىزغا قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرسە، چوڭ مېڭىڭىز سىزنىڭ ئەمەلىيەتتە شۇ ئىشلارنى ياخشى ھەل قىلغانلىقىڭىزنى ئىسپاتلايدىغان بۇ دەلىللەرنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىدۇ.

ئەكسىچە، سىز ئۇنى ئىنكار قىلىسىز. بەلكىم سىز باشقىلارنىڭ شۇنداق ھېس قىلغانلىقىنى قوبۇل قىلالىشىڭىز مۇمكىن، ئەمما ئۆزىڭىزگە «ئۇلار پۈتۈن ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ» ياكى « ئۇلار مېنىڭ ئۆيدىكى ھالىمنى كۆرمىگەنلىكىگە شۈكرى» دەيسىز. سىز بۇنى تەلەيگە ياكى ئۆز كونتروللۇقىڭىزدىن سىرتقى ئەھۋاللارغا يەنى «مەن پەقەت ئامەتلىك سورۇندا بولغانلىقىمدىن ياخشى بىر تەرەپ قىلالىدىم» ياكى «بۇ تاسادىپىيلىق، نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن» دېگەنگە دۆڭگەپ قويۇشىڭىز مۇمكىن.

بىر ئېتىقادىمىزنى قوغداش ئۈچۈن دەلىللەرنى رەت قىلىش، ئۇنتۇش، ئېسىمىزدىن پۈتۈنلەي چىقىرىۋېتىشكە تىرىشىشىمىز لازىم.

مۇشۇنداق قىلغاندا، مېڭىمىز بىزنىڭ (ئېتىقادىمىزنىڭ) توغرا ئىكەنلىكىنى «ئىسپاتلاش» نى داۋاملاشتۇرىدۇ.

توغرىمۇ ياكى خۇشالمۇ؟

مانا سىزگە بىر سوئال...

سىز توغرا بولۇشنى تاللامسىز ياكى خۇشال بولۇشنىمۇ؟

ئىشىنىمەنكى سىزگە ھېچقانداق ياردىمى تەگمەيدىغان، كۈچسىز ئېتىقادلارنىڭ توغرىلىقى ئۆزلۈكسىز « ئىسپاتلانغان» بولسىمۇ، سىزنى خۇشال قىلالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار بەلكىم سىزنى چەكلەپ، كىچىكلىتىپ، ھەر كۈنى ھېس قىلىشقا تېگىشلىك تۇيغۇلاردىن مەھرۇم قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

بەزىدە خۇشال بولۇش ئۈچۈن، ئەقىدە قىلغان نەرسىلىرىمىزنىڭ ھەقىقەت ئەمەسلىكىنى قوبۇل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. دەسلەپتە بۇ بەك ئەپسىز تۇيۇلۇشى مۇمكىن، ئەگەر بىز چىڭ تۇرۇپ، دىققىتىمىزنى بىز ھەقىقەتەن ئىشەنمەكچى بولغان نەرسىلەرنىڭ دەلىللىرىنى تېپىشقا بۇرىساق، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۇيغۇلىرىمىز ياخشىلىنىشقا باشلايدۇ.

مەن سىزگە شۇنى ئەسكەرتىپ قويايكى، سىزدە ياكى مېڭىڭىزدە ھېچقانداق مەسىلە يوق. بىر تەرەپلىمىلىكنى جەزملەشتۈرۈش مېڭىمىزنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى. بۇنى بىلگەنلىكىڭىز سىزنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ، چۈنكى ئەمدى ئۇ سىزنى چۈشەپ قويالمايدۇ. سىز بۇ بىر تەرەپلىمىلىكنى ئۆزىڭىزگە پايدىلىق بولغان ئېتىقادنى تېپىشقا، ئۆزىڭىز ئارزۇ قىلغان تۇرمۇشنى قوللاشقا، ھەمدە ئۆزىڭىز خالىغان ئايالغا ئايلىنىشقا ئىشلىتەلەيسىز.

«مەن ناچار ئانا» دېگەنگە ئىشىنىش مىسالىغا قايتايلى. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ قالتىس ئانا ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشەنسىڭىز ھەمدە قالتىس ئانا بولۇشنى خالىسىڭىز، ئۇنداقتا بۇنىڭ ئۈچۈن ئاكتىلىق ھالدا دەلىل-ئىسپاتلارنى ئىزدەڭ. تۇرمۇشىڭىزدا بەلكىم دەرھال بايقىيالمىغان نۇرغۇن پاكىت-ئىسپاتلار بولۇشى مۇمكىن. ئۆزىڭىزگە ئازراق ۋاقىت بېرىڭ، چۈنكى سىز ئۇزۇندىن بۇيان ئۇ ئىشلارغا سەل قاراپ ياكى ۋە رەت قىلىپ كەلگەن.

مۇنداق دەلىللەرنى ئويلاپ بېقىڭ:

بالىلىرىڭىزنىڭ سىزنى كۆرگەندە چىرايىنىڭ ئېچىلىپ كېتىشى.

سىز ئۇلارنىڭ قۇچاقلىغاندا، ئۇلارنىڭمۇ سىزنى شۇنچىلىك چىڭ قۇچاقلىشى.

ئۇخلاش ئالدىدىكى پاراڭلىشىشتا بالىلىرىڭىزنىڭ ئۆزلىرىنى ئەنسىرىتىۋاتقان ئىشلارنى ياكى ئارزۇ-ئارمانلىرىنى سىزگە ئېيتىشى.

بالىلىرىڭىزنىڭ كۆڭلى يېرىم بولغاندا ئۇلارنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ياكى ئۆزىنى يارىلاندۇرىۋالغاندا سۆيۈپ تۇرۇپ تەسەللى بەرگىنىڭىز.

ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قانچىلىك ئويلىشىڭىز ۋە ئالدىن پەملىيەلىشىڭىز.

ئۇلارغا ياخشى كۆرىدىغان كىتابلىرىنى ئوقۇپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ زېھنىنى ئويغۇتىشىڭىز ھەمدە قىزىقىشلىرىنى يېتىلدۈرۈشىڭىز.

ئۇلار مەكتەپتە يۈز بەرگەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەندە، ھازىر تۇرۇپ، دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ ئاڭلىشىڭىز.

ئۇلارنىڭ تەن ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلگەن ئاساستا، ئوزۇقلۇق قىممىتى مول بولغان يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ بېرىشىڭىز دېگەندەك.

سىز دەلىل-ئىسپاتلارنى قانچە كۆپ تاپقانسېرى، شۇنچە كۆپ دەلىل-ئىسپاتلارنى كۆرەلەيسىز ۋە تېپىش تېخىمۇ ئاسانلىشىدۇ. ئاخىرىدا بىر تەرەپلىمىلىكنى جەزملەشتۈرۈشنى يېڭى ئېتىقادىڭىز ئۇچۇن قوللىنىشنى باشلىسىڭىز، يوشۇرۇن ئېڭىڭىز ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى ۋە پايدىلىق ئېتىقادنىڭ راستلىقىنى، توغرىلىقىنى توختاۋسىز ئىسپاتلاشقا باشلايدۇ. مانا بۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ئەرزىيدۇ.

بىر تەرەپلىمىلىكنى جەزملەشتۈرۈشنى ئۆزىڭىزنى كۈچلەندۈرۈش ۋە ئېتىقادىڭىزنى قوللاشقا ئىشلىتىشكە باشلاڭ

نېمشقا بىر تەرەپلىمىلىكنى جەزملەشتۈرۈشنى ئۆز پايدىڭىز ئۈچۈن قوللىنىشنى ھازىردىن باشلىمايسىز؟

مانا مۇنداق قىلىسىز:

1. ئۆزگەرتمەكچى بولغان ئېتىقادىڭىزنى ئېنىقلاڭ.

2. ھەر كۈنى، مەقسەتلىك ھالدا بۇ ئېتىقادنى قوللايدىغان دەلىللەرنى ئىزدەڭ.

ئەگەر بەك قىيىن تۇيۇلسا، كىچىك ئىشلاردىن باشلاڭ. بۇرۇن كۆرمەي قالغان دەلىللەرنى ئويلاپ، ھەر كۈنى يېڭى دەلىللەرنى تېپىڭ. قارشى پىكىر ۋە قاراشلارغا قىزىقىسىنىڭ. باشقىلارنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىغا قۇلاق سېلىڭ. سىز ئادەتتە دىققەت قىلمايدىغان ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈڭ.

ئەڭ كىچىك، بىرەر پارچە ئىسپات بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. مۇھىمى، مېڭىڭىز يېڭى ئېتىقادنى قوللايدىغان دەلىللەرنى تېپىشقا قايتا پروگراممىلىنىشى ئۈچۈن بۇنى داۋاملىق قىلىشىڭىز كېرەك.

مەن بۇ يېڭى دەلىللەرنى يېزىپ قويۇشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن. شۇنداق قىلسىڭىز، ئۆزىڭىزدىن گۇمان قىلغاندا ياكى ھېسسىي ماسلىشالماسلىق بىئاراملىقىغا دۇچ كەلگەندە ئۇنى ئوقۇيسىز.

3. بىئاراملىق ھېس قىلغاندا ۋاز كەچمەڭ.

بىلىڭكى، بۇ ھېس-تۇيغۇلار ئۆتۈپ كېتىدۇ ۋە مېڭىمىزدىكى ئاشۇ ئەندىزىلەرنى قايتا پروگراممىلاشقا ۋاقىت كېتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ئەرزىيدۇ!

ئىنگلىزچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

https://louiseeast.com.au/2020/03/16/confirmation-bias/



# يېڭى دوكلاتتا ئېلون ماسكنىڭ ۋالادىمىر پۇتىن بىلەن «دائىم ئالاقىدە» ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان

ۋىل ستېكىن، لۇۋىس مارتىنىز

# يېڭى دوكلاتتا ئېلون ماسكنىڭ ۋلادىمىر پۇتىن بىلەن «دائىم ئالاقىدە» ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان

ۋىل ستېكىن، لۇۋىس مارتىنېز

تېسلا (Tesla) ۋە سپەيس ئەكس (Space X) نىڭ خوجايىنى، پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى مىلياردېر ئېلون ماسك (Elon Musk) نىڭ 2022-يىلىدىن باشلاپ رۇسىيە پرېزىدېنتى ۋلادىمىر پۇتىن (Vladimir Putin) بىلەن دائىم ئالاقىدە بولۇپ كەلگەنلىكى يېڭى بىر دوكلاتتا ئېلان قىلىنغان.

بۇ بايانات پەيشەنبە كۈنى كەچتە «ۋال كوچىسى گېزىتى» (Wall Street Journal) دە ئېلان قىلىنغان ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ماقالە «بىر قانچە نۆۋەتتىكى ۋە سابىق ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە رۇسىيە ئەمەلدارلىرى» ماسك بىلەن پۇتىن ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتلەرنىڭ سودا-تىجارەت، گېئو-پولىتىكا (Geopolitics) ۋە شەخسىي تېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى تەستىقلىغان.

گېزىتتىكى دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، «بىر قېتىم، پۇتىن بۇ مىلياردېردىن خىتاي رەھبىرى شى جىنپىڭغا ياردەم قىلىپ، تەيۋەن ئاسمىنىدا ئۆزىنىڭ ستارلىنك (Starlink) سۈنئىي ھەمراھ ئىنتېرنېت مۇلازىمىتىنى قوزغاتماسلىقىنى تەلەپ قىلغان». دوكلاتتا، ماسكنىڭ بۇ تەلەپكە ماقۇل بولۇپ-بولمىغانلىقى نامەلۇم دېيىلگەن.

بۇ دوكلات ماسكنىڭ ئۆزىنىڭ ئامېرىكا سىياسىي ھەرىكەت كومىتېتى(America PAC) شەھەر يىغىنلىرىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈدىغانلىقىنى جاكارلىغان كۈنگە توغرا كەلگەن. بۇ يىغىنلاردا ئۇ ئىلگىرى تەۋرىنىش ئىچىدە قالغان شتاتلار (swing states) دا سۆز ئەركىنلىكى ۋە قورال كۆتۈرۈش ھوقۇقىنى قوغداش توغرىسىدىكى ئۆزىنىڭ سىياسىي ھەرىكەت كومىتېتىنىڭ ئىلتىماسىغا ئىمزا قويغان سايلىغۇچىلارغا غۇلغۇلا قوزغىغان بىر مىليون دوللارلىق مۇكاپات تارقاتقان.

ئۇ يىغىنلار بۇ ھەپتە قىسقا مۇددەت توختاپ قالغان بولۇپ، بەزىلەر بۇنىڭ، دەل ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بۇ ھەپتە PAC كە ئەۋەتكەن ئاگاھلاندۇرۇش خېتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى

مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلماقتا. مۇبادا ترامپ (Trump) بۇ ئاينىڭ باشلىرىدا، قايتا سايلانسا ماسكنى ھۆكۈمەت ئۈنۈمدارلىق كومىسسىيەسى(government efficiency commission) گە باشلىق قىلىپ تەيىنلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ترامپنىڭ گۇرۇپپىسى بۇرۇن سابىق پرېزىدېنتنىڭ ۋەزىپىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن پۇتىن بىلەن سۆزلىشىشنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنى رەت قىلغان، ژۇرنالىست بوب ۋۇدۋارد (Bob Woodward) نىڭ يېڭى كىتابى «ئۇرۇش» (War) تىكى ترامپنىڭ ۋابا ئەۋجىگە چىققان مەزگىلدە رۇسىيە پرېزىدېنتىغا كوۋىد-19 تەكشۈرۈش سايمانلىرىنى ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى بايانىنى رەت قىلغان. چىكاگو ئىقتىساد كۇلۇبى (the Chicago Economic Club) دا بلۇمبېرگ (Bloomberg) باش مۇھەررىرى جون مىكلېسۋېيت (John Micklethwait) بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ترامپ، ئەگەر پۇتىن بىلەن سۆزلەشكەن بولسا، ئۇنىڭ بىر «ئاقىلانە ئىش» ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

«ۋال كوچىسى گېزىتى»: «ئامېرىكا ۋە ئىتتىپاقداشلىرى يېقىنقى يىللاردىن بېرى پۇتىننى يالغۇز قالدۇرغان بولسىمۇ، ماسكنىڭ دىئالوگى رۇسىيە رەھبىرى بىلەن قايتا مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ سىگنالى بولۇشى ۋە ترامپنىڭ ئۇكرائىنا ئۇرۇشىغا ئوخشاش چوڭ زىددىيەتلەر ھەققىدە كېلىشىم تۈزۈش ئىستىكىنى كۈچەيتىشى مۇمكىن» دەپ يازىدۇ.

گېزىت، ماسكنىڭ ئۇلارنىڭ خەۋىرىگە باھا بەرمىگەنلىكىنى، ماسك يەنە ئەي بى سى خەۋىرىنىڭ باھا بېرىش تەلىپىگە دەرھال جاۋاپ قايتۇرمىغانلىقىنى، خەۋەر قىلغان.

سپەيس ئەكس (Space X) ئارقىلىق ماسك، دۆلەت بىخەتەرلىكىنىڭ «مەلۇم مەخپىي ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش» ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشكەن. گېزىت، ماسك بىلەن پۇتىن ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتلەردىن خەۋەردار بولغان بىر كىشىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، «ھۆكۈمەت، ماسكنىڭ ھەر قانداق مۇمكىنچىلىكى بولغان بىخەتەرلىك بۇزغۇنچىلىقى قىلغانلىقىغا ئائىت ئاگاھلاندۇرۇش بەرمىگەنلىكىنى» بىلدۈرگەن.

ئۆتكەن ھەپتىدىكى سايلام پائالىيىتىدە، ماسك: «مەندە يۇقىرى دەرىجىلىك مەخپىيەتلىكلەرگە ئېرىشىش ئىجازەتنامىسى بار، ئەمما مەن بىلىدىغان كۆپىنچە نەرسىلەر ئوخشاش... ئۇلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە مەخپىي تۇتۇشىنىڭ سەۋەبى،ئۇلارنىڭ شۇنچىلىك زېرىكىشلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، خالاس»، دېگەن.

كرېملىن باياناتچىسى دىمىترى پېسكوۋ ( Dmitry Peskov) دوكلاتتا، كرېملىننىڭ ماسك بىلەن بولغان ئالاقىسى پەقەتلا بىر تېلېفون سۆھبىتى ئىكەنلىكىنى، بۇ سۆھبەتتە، ئۇنىڭ پۇتىن بىلەن «ئالەم بوشلۇقى ھەمدە ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى پەن-تېخنىكا» ھەققىدە سۆزلەشكەنلىكىنى ئېيتقان.

پېسكوۋ ماسك بىلەن پۇتىن دائىم ئالاقىدە بولغانلىقى ھەققىدىكى بايانلارنى رەت قىلىپ، دوكلات ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن: «ۋال كوچىسى گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغانلار پۈتۈنلەي يالغان ئۇچۇر» دېگەن. ماسك تەرەپتىن بولسا، ئۇ 2022-يىلى X تە يوللىغان ئۇچۇرىدا پۇتىن بىلەن پەقەتلا بىر قېتىم سۆزلەشكەنلىكىنى ئېيتقان. بۇ ئۇچۇردا، ئۇ سۆھبەتنىڭ 2021-يىلى بولغانلىقىنى ۋە «ئالەم بوشلۇقى» ھەققىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ سوتسىيال مېدىيا سۇپىسى X ئارقىلىق پۇتىنغا ۋاقىت بەرگەن بولۇپ، 2024-يىلى فېۋرالدا رۇسىيە پرېزىدېنتىنىڭ تاكېر كارلسون (Tucker Carlson) بىلەن قىلغان سۆھبىتىنى تارقاتقان. سۆھبەتتە پۇتىن ماسكنى «ئەقىللىق ئادەم» دەپ تەرىپلىگەن. شۇ سۆھبەتتە، پۇتىن: «ئېلون ماسكنى توختىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك دەپ ئويلىغان ئىشلارنى قىلىدۇ، خالاس» دېگەن.

«ۋال كوچىسى گېزىتى» نىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئالاقىلاردىن خەۋىرى بار بىر كىشى گېزىتكە، ماسكنىڭ 2022-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە «يۇقىرى دەرىجىلىك رۇسلار» بىلەن داۋاملىق سۆھبەتلىشىپ تۇرغانلىقىنى، دېگەن. بۇ مەنبە يەنە گېزىتقا كرېملىن تەرىپىدىن ماسكنىڭ شىركەتلىرىگە بېسىم ۋە «يوشۇرۇن تەھدىت» بولغانلىقىنى ئېيتقان. گېزىت بۇ دېيىلگەن تەھدىتلەر سەۋەبىنىڭ بولسا، ماسكنىڭ ئايلارچە ئۇكرائىنانى قوللاش ئۈچۈن ۋە ئۇكرائىنالىيىلىكلەرگە سپەيس (Space X) نىڭ ستارلىنك (Starlink) سۈنئىي ھەمراھ ئىنتېرنېتىنى ئىشلىتىش ھوقۇقى بىلەن تەمىنلىگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان، دەپ يازىدۇ.

2022-يىلى 10-ئايدا، X تىكى ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنىڭ توقۇنۇشتىكى سادىقلىقىدىن گۇمان قىلىشقا باشلىغان ۋاقىتتىمۇ، ماسك X تە ئۇكرائىنا بىلەن رۇسىيە ئارىسىدىكى توقۇنۇشنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا بىر راي سىناش ئېلىپ باردى. بۇ رۇسىيەنىڭ شۇ چاغدا ئۇكرائىناغا قويغان بەزى تەكلىپلىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى.

شۇ ئايدا، سىياسىي خەۋپ مەسلىھەت بېرىش شىركىتى (Eurasia Group) نىڭ قۇرغۇچىسى ئىئەن برېممېر (Ian Bremmer) نىڭ ئابونىلىرىگە يوللىغان خەۋەرنامىسىدە، ئۆزىنىڭ ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ماسك بىلەن، ئۇنىڭ پۇتىن بىلەن بولغان سۆھبىتى ھەققىدە پاراڭلاشقانلىقىنى يازغان.

ئەي بى سى خەۋىرىنىڭ 10-ئۆكتەبىردە ئېرىشكەن خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، ماسك، برېممېرگە ئۆزىنىڭ پۇتىن بىلەن بىۋاسىتە سۆھبەتلەشكەنلىكىنى، رۇسىيەنىڭ «سۆھبەتلىشىشكە تەييار» ئىكەنلىكىنى ۋە پۇتىننىڭ ئۇرۇشنى توختىتىشى ئۈچۈن تەلەپ قىلىدىغان ئەڭ تۆۋەن چېكىنى بايان قىلغانلىقىنى ئېيتقان. پۇتىن، ماسكقا بۇنىڭ تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى يەنى قىرىمنىڭ رۇسىيەنىڭ ھامىلىسىدە قېلىشى؛ ئۇكرائىنانىڭ رەسمىي بىر شەكىلدە بىتەرەپ ھالەتنى قوبۇل قىلىشى؛ رۇسىيەنىڭ لۇھانسك (Luhansk) ۋە دونېتسك (Donetsk) نى ئۆزىگە قوشۇۋېلىشىنى ئېتىراپ قىلىشى؛ قىرىمغا سۇ تەمىنلەش ئۈچۈن خېرسون (Kherson) ۋە قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى ئۈچۈن زاپوروژجىيا (Zaporizhzhia) نى كونترول قىلىشى كېرەك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، «ئەكسى تەقدىرنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر يەنىلا چوڭ كۆلەملىك كېڭىيىش يۈز بېرىدۇ»، دېگەن.

خەۋەردە يېزىلىشىچە، پۇتىن يەنە ماسكقا ئەگەر زېلېنسكىي (Zelenskyy) قىرىمغا باستۇرۇپ كىرسە، رۇسىيە ئۇكرائىناغا يادرو ھۇجۇمى قىلىش بىلەن جاۋاپ قايتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ماسك، برېممېرگە ئۇكرائىنالىقلارنىڭ ئۇنىڭدىن قىرىمدا ستارلىنك (Starlink) نى قوزغىتىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ كېڭىيىش ئېھتىماللىقىنىڭ بارلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ رەت قىلغانلىقىنى ئېيتقان.

برېممېر «ماسك يەنە پۇتىندىن كەلگەن بىۋاسىتە تەھدىتلەردىن ئەنسىرىگەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ماڭا بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئېنىق بىر نەرسە دېمىگەن بولسىمۇ، رۇسىيەنىڭ كومپيۇتېر ھۇجۇمى ئىقتىدارى ۋە رۇسىيەنىڭ ئۇنىڭ سۇنئىي ھەمرالىرىغا دەخلى-تەرۇز قىلىش ئېھتىماللىقىنىڭ بارلىقى ھەققىدە سۆزلىدى» ۋە «مېنىڭ جاۋابىم بولسا پۇتىنغا ئاسانلا ئىشىنىپ كەتمەسلىك ۋە ئۇكرائىنا ياكى غەرپنىڭ پۇتىننىڭ «كېلىشىمى» گە ماقۇل بولۇش ئېھتىماللىقىنىڭ يوقلۇقى ئىدى»، دەپ يازىدۇ.

شۇنداقتىمۇ، پۇتىن ۋە برېممېر بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن كۆپ ئۆتمەي، ماسك پۇتىننىڭ ئۆزىگە ئېيتقانلىقىنى قەيت قىلغان نۇقتىلارنى X تە « ئۇكرائىنا-رۇسىيە تىنچلىقى» دەپ ئاتاپ ئېلان قىلىدۇ.

شۇ چاغدا، ماسك بىر ئۇچۇردا بۇ گەپلەرنى برېممېرگە ئېيتقانلىقىنى ئاشكارا رەت قىلىدۇ.

«ۋال كوچىسى گېزىتى»، «بىر ھازىرقى ۋە بىر سابىق ئىستىخبارات مەنبەسى ماسك بىلەن پۇتىننىڭ شۇندىن كېيىن، ھەتتا بۇ يىلغىچە ئالاقىلىشىپ تۇرغانلىقىنى، بۇ جەرياندا ماسكنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئۇكرائىناغا ھەربىي ياردىمىگە بولغان تەنقىدىنىڭ كۈچەيگەنلىكى ۋە ترامپنىڭ سايلام پائالىيىتىگە ئىشتىراك قىلغانلىقىنى» يازغان.

جۇمە كۈنى  ئەي بى سى خەۋىرىدە بەرگەن باياناتىدا، ئامېرىكا مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى سۇئې گو (Sue Gough) مۇنداق دېگەن: «بىز «ۋال كوچىسى گېزىتى» نىڭ خەۋىرىنى كۆردۇق، ئەمما بۇ خەۋەرلەرنىڭ راستلىقىنى جەزملەشتۈرەلمەيمىز ۋە  ماسك ئەپەندىنىڭ شەخسىي ئالاقىلىرى ھەققىدە ئۇنىڭ ئۆزىگە مۇراجەت قىلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز.»

گو يەنە: «بىز بارلىق بىخەتەرلىك ئىجازىتى بېرىلگەن كىشىلەرنىڭ، جۈملىدىن شەرتنامىلىق خادىملارنىڭ چەتئەللىكلەر بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنى دوكلات قىلىشتا بەلگىلەنگەن تەرتىپ-نىزاملارغا ئەمەل قىلىشىنى كۈتىمىز» دەپ قوشۇمچە قىلدى.

ئىنگلىزچىدىن باتۇر تەگرىقۇت تەرجىمىسى

https://abcnews.go.com/US/elon-musk-regular-contact-vladimir-putin-new-report/story?id=115130093



# ھەممەتلىك يازغۇچى تېيىجان ھادى

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

## سادىر پالۋان روھىنى يېڭى نەسىللەرگە يەتكۈزۈشكە ۋەسىلە بولغان ھەممەتلىك يازغۇچى تېيىپجان ھادى

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

ھەممەتلىك يازغۇچى تېيىپجان ھادى 1925 ـ يىلى غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان. 1934 ـ يىلدىن 1939 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچىدە ئوقۇغان، 1941 ـ يىلدىن 1944 ـ يىلى كۈزدە ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىدا شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابى باشلانغىچە بولغان ئارىلىقتا غۇلجىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. يازغۇچى تۇرسۇن زەھرىددىن ئۆزىنىڭ مەرھۇم ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقىغا بېغىشلاپ يازغان ۋە «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇنتۇلماس ئادەم» ناملىق ئەسلىمىسىدە يېزىشىچە، تېيىپجان ھادىنىڭ «يېمىرىلگەن توسالغۇ» ناملىق تۇنجى ھېكايىسى «ئىلى گېزىتى» نىڭ 1941 ـ يىلى 20 ـ دېكابىر سانىدا ئېلان قىلىنغان ئىدى. تېيىپجان ھادى ئۆزىنىڭ بىر خاتىرىسىگە، «بىر كۈنلۈك ياتلىق» ناملىق ھېكايەم 1943 ـ يىلى 9 ـ ئايدا «ئىلى دەرياسى گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان، دەپ خاتىرە قالدۇرغان.

1944 ـ يىلى كۈزدە تېيىپجان ھادى ئىلىنى مەركەز قىلغان شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، ئەينى چاغدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلات بۆلۈمىدە كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن، يەر ـ سۇ نازارىتى ۋە دۆلەت بانكىسىدا مەسئۇل كاتىپ بولغان. 1946 ـ يىلدىن 1952 ـ يىلىغىچە سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىدە كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. 1952 ـ يىلىدىكى بىر قېتىملىق قاتتىق سىياسىي ھەرىكەتتە نۇقتىلىق زەربىگە ئۇچراپ، «پانتۈركىست» دېگەن نام بىلەن بىگۇناھ قولغا ئېلىنغان، ئارىدىن بەش ئاي ئۆتۈپ، ساقچى تەرەپ ئۇنى «خاتا قولغا ئالغانلىقى» نى ئېتىراپ قىلىپ تۈرمىدىن بوشاتقان. ئاشۇ قېتىملىق سىياسىي قالپاق كىيىش ۋە قولغا ئېلىنىش تېيىپجان ھادىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى پۈتۈن تۇرمۇشىغا نۇرغۇن مۆلچەرلىگۈسىز ئوڭۇشسىزلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. ئاقىۋەت، ئۇ 1952 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلىغىچە تويپتوغرا ئوتتۇز يىل ناھايىتى كۆپ ئۆۋالچىلىقلارنى تارتىشقا مەجبۇر بولدى. بۇنداق ئەھۋالدا يېزىقچىلىق قىلىش ئۈستىدە سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

تېيىپجان ھادىنىڭ قەلبىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەبىيات ئىشىغا ئالاھىدە بىر مۇھەببەت بار ئىدى. 30 يىللىق سىياسىي زىيانكەشلىكنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۈستىلىق بىلەن يۈكلەپ قويۇلغان ئاتالمىش «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى بىر باھارى يېتىپ كەلگەندە، گەرچە ئۇنىڭ يېشى ئەللىكتىن ھالقىپ ئاتمىشقا قاراپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، يەنە غەيرەت بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر مىللىي قەھرىمانى سادىر پالۋاننىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان «پالۋان كەلدى» ھېكايىسىنى يېزىپ چىقتى. بۇ ھېكايە «ئىلى دەرياسى» ژورنىلىنىڭ 1980 ـ يىلى 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن كىتابخانلار ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىدى. «تارىم» ژورنىلى ھېكايىنى قايتا بېسىپ تونۇشتۇردى. تۇرغان شاۋدۇن ھېكايە ۋەقەلىكىگە ئاساسەن بىر رادىئو دىرامىسى ئىشلەپ چىقتى. بۇ ھېكايە يەنە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقىغا كىرگۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 30 يىللىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى تاللاپ مۇكاپاتلاشتا مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مۇشۇ بىر ھېكايىسى بىلەنلا تېيىپجان ھادى كەڭ كىتابخانلارغا تونۇش ئاپتورلاردىن بولۇپ قالدى. شۇندىن كېيىن، «ئىلى دەرياسى» ژورنىلىدا يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇنىڭ، « چورۇق ھېكىم » (80ـيىل4ـسان)، « ئاق ئۆستىڭىم، ئاق» ( 82ـيىل3ـسان)، «باتۇر كەلدى» (86ـيىل 1ـسان)، «كۆزۈمنى ئېچىپ چىقتىم» (87ـيىل1ـسان)، «چىن مودەن» (87ـيىل 2ـسان)، «ئۆچكە دۆڭىدە لاۋۇلدىغان مەشئەللەر» (87ـيىل 5ـسان) قاتارلىق ھېكايىلىرى ئېلان قىلىنندى.

تېيىپجان ھادى يالغۇز بەدىئىي ئەدەبىيات ئۈستىدە ئەمەس، كىلاسسىك ئەدەبىيات، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە تارىخ بىلىملىرى جەھەتتىنمۇ ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە قەلەمكەش ئىدى. ئۇنىڭ ھەر تەرەپلىمە بىلىملىرى زېرىكمەي ماتېرىيال يىغىش، ئۇزاق يىللىق ئىزدىنىشىدىن كەلگەن ئىدى. شۇنداقلا ئۇ جامائەتچىلىكى ناھايىتى كەڭ ئادەم بولۇپ، تېيىپزات خەلپىتىم، مەخسۇت ھاجىم قاتارلىق ئىلىدا ئۆتكەن مەشھۇر خەلق تارىخچىلىرى، ئەخمەتجان قاسىمى، زۇنۇن قادىر، زىكرى ئەلپەتتا قاتارلىق مەشھۇر شەخسلەر بىلەن قويۇق باردى-كەلدىدە بولۇپ، ئۇلاردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ خاتىرە قالدۇرغان ئىدى.

1948 ـ يىلىلا تېيىپجان ھادى «ئىتتىپاق»ژورنىلىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئائىت «چۈنچۈن سالۋان» قاتارلىق خەلق قوشاقلىرىنى رەتلەپ ئېلان قىلغان. 1979 ـ يىلى ئۇ قولىغا قايتا قەلەم ئالغاندىمۇ دەسلەپىدە «ئىلى دەرياسى» ژورنىلىدا «يېڭى تېۋىپ» ، «تۆت پاكىنىڭ ھېيت قىلىشى» ، «ئەقىلسىز پادىشاھ» قاتارلىق خەلق چۆچەكلىرىنى رەتلەپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ 1980 ـ يىلى 1 ـ سان «ئىلى دەرياسى» ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ئىلىنىڭ بىر قانچە خەلق ناخشىلىرى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىنى ئىلى خەلق ناخشىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇكەممەل بىر ئىلمىي تەتقىقات  دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ماقالىسىدا ئاپتور «ئالۋاڭ ناخشىسى»، «ئۆستەڭ ناخشىسى» ، «ۋاڭ

خۇلۇ ئالۋىتى ناخشىسى»، «سېپىل ناخشىسى»، «سادىر ناخشىسى»، «كۆچ-كۆچ ناخشىسى» قاتارلىق خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن بولغان باغلىنىشىنى يېشىپ بەردى. ئۇ يەنە «سادىر پالۋان ۋە ئۇنىڭ يېڭى تېپىلغان قوشاقلىرى ھەققىدە» («ئىلى دەرياسى» ژورنىلى 85-يىل 3-سان) دېگەن ماقالىسىنى يېزىپ، مەسۇم باستى تەرىپىدىن رەتلەپ ئېلان قىلىنغان سادىر پالۋاننىڭ يېڭى تېپىلغان قوشاقلىرىغا ئىزاھ بەردى. بۇمۇ ئىلى خەلق قوشاقلىرى ئۈستىدە ئىشلەنگەن چوڭ ئىلمىي ئەمگەك ئىدى.

خىتايدىكى ئاتالمىش ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئىسلاھاتتىن كېيىن، تېيىپجان ھادىنىڭ ساقچىدىكى ئارخىپلىرى قايتا تەكشۈرۈلۈپ، 1982 - يىلى ئۇنىڭ بۇرۇنقى خىزمىتى ۋە قەلەم تۆھپىسى ھوقۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئۇ ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ئورنىغا خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ، بۇ ئورۇننىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۇيغۇر، قازاق، ۋە خىتاي تىللىرىدا قەرەلسىز چىقىپ تۇرىدىغان «ئىلى تارىخىي ماتېرىياللىرى» دېگەن كىتابچىنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى ئىشلەشكە مەسئۇل بولدى. ئۇ يەنە «ئىلى بەگلىكلىرى توغرىسىدا»، «خەلپەم مەھەللىسى ۋە خەلپەملەر توغرىسىدا»، «غۇلجا ئاتالغۇسى ۋە غۇلجا شەھىرى توغرىسىدا»، «ئىلى تارىخىدىن ئىزلار» قاتارلىق ماقالىلارنى يېزىپ، ئىلىنىڭ چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشتە ئاز بولمىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

تېيىپجان ھادى «ئىلى دەرياسى» ژورنىلىنىڭ دائىملىق ھېكايە يېزىپ تۇرغۇچى ئاپتورلىرىدىنلا بولۇپ قالماستىن، يەنە ئۇ ژورنالنىڭ «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، «تارىختىن سۆز» سەھىپىلىرىنىڭ غوللۇق مەسلىھەتچىسى ئىدى. يازغۇچىلار قاچانلا ئىزدەپ بارمىسۇن، ئۇنىڭ ھەر ۋاقىت ناھايىتى ئالدىراش ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. باغلىق قورۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن باشلانغان ئۈزۈم بارىڭى تويتوغرا ئۇ ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئېلىپ باراتتى. تېيىپجان ئاكا دېرىزىلىرى باغقا قارىغان بىر ئۆيدە ئىشلەيتتى. يوغان ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە ھەر دائىم چېچىلىپ ياتقان ئارگىناللار، ئېچىپ قويۇلغان كىتاب ۋە باشقا يېزىقچىلىق سايمانلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرى، ئورۇندىماقچى بولغان ئىجادىيەت پىلانلىرى ناھايىتىمۇ كۆپ ئىدى.

قىسقىسى، 1980 - يىلىدىن باشلاپ 10 يىلغا يەتمىگەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە تېيىپجان ھادى نۇرغۇن ئىلمىي ئىشلارنى ئىشلىدى. شۇ ھالال ئەمگەكلىرىنىڭ ئەجرى بىلەن ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيەتىنىڭ ئەزاسى. ئىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئىتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئىتى، ئۇيغۇرچە «ئىلى تارىخىي ماتېرىياللىرى» كىتاۋىنىڭ باش مۇھەررى قاتارلىق

خىزمەتلەردە بولغان ئىدى. تىرىشچان ئەدىب 1989 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ھازىرقى غۇلجا ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان نورۇز مەرىكىسىگە ماقالە تەييارلاۋېتىپ، ئىش ئۈستىدىلا مېڭىسىگە قان چۈشۈپ يىقىلدى، ئۇ دوختۇرخانىدا 2ـ3 كۈن يېتىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، شۇ يىلى 24 ـ مارت كۈنى 64 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ يەتمەكچى بولغان نۇرغۇن ئارزۇلىرى ئۆزى بىلەن بىللە كەتتى. ئۇ ھېچكىمگىمۇ ۋەسىيەت قالدۇرالمىدى، چالا قالغان ئىشلىرىنى ھېچكىمگىمۇ تاپشۇرۇپ بېرىشكە ئۈلگۈرەلمىدى. كېيىن نەشىر قىلىنغان بىر توپلامغا ئاپتۇرنىڭ 1980 ـ يىلىدىن كېيىن يازغان يەتتە ھېكايىسى ۋە ئىككى ئەسلىمىسى كىرگۈزۈلدى. بۇندىن باشقا ئۇنىڭ يېزىۋاتقان «گۈلەمخان» پوۋېستى ۋە بەزى ھېكايىلىرى بار ئىدى. ھازىرچە ئۇنىڭ ئارگىناللىرى تېپىلمىدى. ئاپتورنىڭ مەزكۇر توپلامدىكى يەتتە ھېكايىسىنى ئاساسەن تارىختا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئۇچ خەلق قەھرىمانىنىڭ ھايات ۋەقەلىكلىرىگە بېغىشلىغان. « چورۇق ھېكىم» ، « ئاق ئۆستىڭىم، ئاق» ھېكايىلىرىدا ئىلىنىڭ ئېتىز ـ ئېرىقلىرىنىڭ جان تومۇرى بولغان «ئاق ئۆستەڭ» نى چېپىشقا كۈچ چىقارغان چورۇق ھېكىمنىڭ ئىش-ئىزلىرى يېزىلغان. «باتۇر كەلدى» ھېكايىسىدا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلابى دەۋرىدە ئۆزىنىڭ قورقۇمسىزلىقى ۋە باتۇرلىقى بىلەن گومىنداڭ باندىتلىرىغا قاتتىق ۋەھىمە سالغان غېنى باتۇرنىڭ بىر قىتىملىق جەڭدىكى قەھرىمان كارتىنىسى يېزىپ بېرىلگەن. قالغان «پالۋان كەلدى» ، « كۆزۈمنى ئېچىپ چىقتىم» ، «چىن مودەن» ، «ئۆچكە دۆڭدە لاۋۇلدىغان مەشئەللەر» قاتارلىق ھېكايىلار ئاپتورنىڭ سادىر پالۋان ھەققىدە يازماقچى بولغان كىتاۋىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇ ھېكايىلار مەشھۇر خەلق قەھرىمانى سادىر پالۋاننىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان. بىزنىڭ ئۆتمۈش تارىخىمىزنىڭ جانلىق بەدىئىي كارتىنىسى بولغان بۇ ھېكايىلار كۆڭۈل قويۇپ بىر ئوقۇپ چىقىشقا ئەرزىيدۇ. مەرھۇم تېيىپجان ھادى بۇ ئەسەرلىرىدە ئۆزىگە خاس تىل ۋە بەدىئىي ۋاستىلار ئىشلىتىپ بىزگە تارىخىي ۋەقەلەرنى ھېكايىلاشتۇرۇشنىڭ ئۈلگىسىنى يارىتىپ بېرىپ ئۇ دۇنياغا كەتتى. ئۇنىڭ قەھرىمانلار مىللىي روھنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشتىكى غايەت زور تىرىشچانلىقلىرى ۋە قۇربانلىقلىرى ھەر بىر ئۇيغۇر پۇشتىنىڭ ئۈلگە ئېلىشىغا ۋە ئۇنى ھەر ۋاقىت چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىشىگە تۇرتكە بولغۇسى.


مىسلىسىز ئويغىنىش
ئۇيغۇرنىڭ غەيرىتى
ئۇيغۇر كۆكئارت

# ئۇيغۇرنىڭ غەيرىتى

**ئۇيغۇر كۆكئارت**

ئىچىمدە مېنى جىم تۇرغۇزمايدىغان شۇنداق بىر ئوت بار ئىدىكى، شۇ ئوتنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆز ئىگىلىكىمنى تىكلەش ئۈچۈن ھارماي تالماي تىرىشاتتىم. ياراتقان ئىگەمنىڭ بەرىكىتى بىلەن 1996ـ يىلى مەن ئۈچۈن زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر يىل بولدى. مەن ئۇيغۇرلار ئىچىدىن ئەڭ دەسلەپ، زامانىۋى تىكىش ماشىنىسى بىلەن ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك كارخانىسى ئاچقان شەخس بولۇپ تونۇلدۇم. 1996ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ئاتالمىش ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىككى يىغىنى مەزگىلىدە يىغىن مەيدانى بولغان سەككىز قەۋەت دېگەن بىنانىڭ كۆرگەزمە زالىدا كارخانام لايىھەلەپ بازارغا سالغان كىيىم ـ كېچەكلەرنى كۆرگەزمە قىلدىم. بۇ ئىشقا شۇ چاغدىكى بىر قىسىم يولى بار ئۇيغۇر باشلىقلار، بولۇپمۇ شۇ چاغدا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان رابىيە قادىر ئانىمىز ياردەم قىلغان ئىدى. بۇ كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش پائالىيىتى گېزىت، ژۇرنال، ۋە تېلېۋىزىيە ئارقىلىق تەشۋىق قىلىنىپ زور داغدۇغا قوزغىدى. شۇ چاغلاردا مېنىڭ «بۇغراخان» ماركىلىق كىيىم كېچەكلىرىم داڭلىق ئۇيغۇر ماركىسىغا ئايلانغان بولۇپ، يوللىرىم ئېچىلىپ، مۇناسىۋەت دائىرەم كېڭىيىپ كۆڭلۈمدە تېخىمۇ زور پىلانلار، غايە ئىستەكلەر تولۇپ تۇراتتى. شان ـ شەرەپ، مەدھىيەلەر، گۈللەر ـ تەبرىكلەر، نام ـ ئاتاق، ئۈزلۈكسىز يۈكسىلىۋاتقان تىجارىتىم ئالدىدا كەلگۈسىمنىڭ تېخىمۇ گۈزەل بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلساممۇ، نەچچە كۈندىن كېيىن كىرىپ كەلگەن 1997ـ يىلىدا مېنى، توغرىسى مېنىڭ ئەزىز خەلقىمنى قانداق قىسمەتلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرىۋاتقانلىقىنى ھېچ ئويلاپ يېتەلمىگەن ئىكەنمەن.

1996ـ يىلىنىڭ بېشىدا مەن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ يۈرۈپ بېجىڭدا ياپونىيەنىڭ بۇرادېر ماركىلىق زامانىۋى تىكىمچىلىك ئەسلىھەلىرىنى سېتىۋېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. شۇ چاغلاردا بۇنداق ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىش ئۇيغۇرلارغا ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە رۇخستى بىلەنلا مۇمكىن بولىدىغان ئىشلار ئىدى. مەن كارخانا ئۈسكۈنىلىرىنى بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە ئەكەلدۈرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئامبار قىلىنغان ئورنىنى ئىجارىگە ئېلىپ كىيىم كېچەك كارخانىسى قىلدىم. كارخانا قۇرۇلۇشىدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىن قوللاش ۋە ياردەملەرگە

ئېرىشتىم. لايىھەلىگۈچى تېپىشتىن تارتىپ تىككۈچىلەرنى تاللاپ ئىشقا قويۇشقىچە نۇرغۇن كىشىلەر خالىسە ياردەم قىلىپ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېسىللىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. ئاخىرىدا 200 نەپەر ئۇيغۇر قىز ئاياللىرى ئىچىدىن 47 نەپەر تىككۈچى تاللىنىپ كارخانام ئىش باشلىدى. مەن كىيىم كېچەكلىرىمنىڭ ئەڭ ئۇششاق لايىھەلىرىگىچە ئۇيغۇرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، گۈزەللىكىنى، روھىنى سىڭدۈرۈشكە تىرىشاتتىم. مېنىڭ مىللىتىم 15 ئەسىر بۇرۇنقى چاغلاردىن تارتىپلا خۇددى يېقىنقى زاماندىكى ياۋرۇپا ئاقسۆڭەكلىرىدەك ئېسىل كېيىنگەن ئىدى. 21-ئەسىرگە كىرەي دېگەندە مېنىڭ خەلقىم ئۆز ئېسىللىكىگە يارىشا ئېسىل كىيىنىشى كېرەك ئىدى. مەن ھەتتا خىزمەتچىلىرىم ياخشى مۇھىتتا ئىشلىسۇن دەپ سېخلارنىڭ ئىچىنىمۇ ئۇيغۇرچە نەقىشلەر بىلەن زىننەتلىگەن ئىدىم.

ۋەتىنىمىزدە بەزى تەرەققىياتلار بىلەن بىر ۋاقىتتا مەيدانغا كەلگەن تۈرلۈك ئىللەتلەر، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئەخلاقسىزلىقلار خەلقىمىزنىڭ روھىنى چۈشكۈنلەشتۈرۈۋاتقان شۇ چاغلاردا ھەر ساھەدىكى ئۇيغۇرلار خەلقىمىزنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىۋاتاتتى. شۇنداق ھەرىكەتلەرنىڭ بىرى ئىلى ۋادىسىدا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان مەشرەپ ھەرىكىتى ئىدى. شۇ چاغلاردا ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيىسىدىن تارتىپ ئاتالمىش «شىنجاڭ» تېلېۋىزىيىسىدىكى دىكتور، رىياسەتچىلەرنىڭ كىيىم كېچەكلىرىنى مەن تەمىنلەپ بەرگەن بولۇپ، ئېكراندا مېنىڭ شىركىتىمنىڭ نامى ۋە ماركام بولغان «بۇغراخان» ئىسمى چىقىپ تۇراتتى. غۇلجا تېلېۋىزىيىسىدىكى دىكتورلارمۇ «بۇغراخان» ماركىلىق كىيىملەرنى كىيگەن بولۇپ، بىزنىڭ ئېلانلىرىمىزنى كۆپ قىلىپ بەرگەن ئىدى. مەن مىللى روھىمىز بىلەن يۇغۇرۇلغان كىيىم كېچەكلىرىمنى ئۇيغۇرلارنىڭ روھىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان مەشرەپ ھەرىكىتىدىكى ياشلارمۇ كىيىشى كېرەك دەپ قاراپ ئۇلارغا خېلى كۆپ كىيىم كېچەكلەرنى ئەۋەتىپ بەرگەن ئىدىم. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە «بۇغراخان» ماركىسىنىڭ تونۇلۇشى ئۈچۈنمۇ جانلىق ۋە ئەمەلى ئېلان بولغان ئىدى.

1997-يىلىدىكى 5-فېۋرال پاجىئەسى ئۇيغۇر تارىخىنىڭ بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالغاندەك، مېنىڭ ھاياتىمدىمۇ بىر بۆلگۈچ بولۇپ قالغان ئىدى. غۇلجادىكى قىرغىنچىلىقتىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىن بەرىكەت، كۆڭلىدىن خۇشاللىقلار كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى. غۇلجادا ئاتا ئانىسىدىن ئايرىلغان يېتىم باللار كۆپەيگەچكە ئۈرۈمچىدىمۇ شۇ يېتىملارنى ئۈچرىتىدىغان بولدۇق. ئاپامنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 20 گە يېقىن شۇنداق يېتىم باللارنى بېقىۋالدۇق ۋە ئۇلارنى ئۆزىمىز ئوقۇتۇشقا باشلىدۇق. گەرچە تىجارىتىم ئۈزلۈكسىز مېڭىۋاتقان، مېنى ۋە شىركىتىمنى تونۇشتۇرىدىغان ماقالە ۋە تەشۋىقاتلار توختاپ قالمىغان بولسىمۇ قانداقتۇر كۆرۈنمەس تۇسالغۇلارنى ھېس قىلىشقا باشلىغان ئىدىم. مېنىڭ ماركام ۋە مەھسۇلاتلىرىمنىڭ ئارقىسىدىكى كۈچلۈك ئۇيغۇرلۇق خىتاينى بىئارام قىلغانلىقى ئېنىق ئىدى. بىزنىڭ كارخانىمىز شۇ چاغلاردا تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدىكى رىياسەتچىلەرنىڭ

كـىيـم كىچەكـلىرنـى، ھېيت ئـايەملىك پـروگـرامـىلار ۋە ئـالاھىدە تەبـرىكـلەشـلەر قـاتـارلـىق نۇرغۇن پائـالـىيەتـلەرنـىڭ كـىيـم كېچەكـلىرنـى لايـىھەلەيـتتى. ئۇنـدىن بـاشـقا ئۇيغۇر مەكـتەپـلەر ئۇچۈن ئۇيغۇر پاسونـدىكى مەكـتەپ فورمىسى، ئۇيغۇر ھاجـىلار ئۇچۈن ئـالاھىدە كـىيـمـلەرنـىمۇ لايـىھـلـىگەن ئىدى. ئۇيغۇرلاردىن چىققان داڭلىق شەخسلەردىن ئادىل ھوشۇر ۋە بوكس شاھى ئابدۇشۇكۇرلەر «بۇغراخان» كـىيـمـلىرىنـىڭ ئېلانـلىرىغا چىققان ئىدى. مەن 30 مىڭ سوم خەجلەپ تورپانـدا سۈرەتكە ئالدۇرغان، سۇتۇق بۇغراخـانـنـىڭ ئـات ئۈسـتىدىكى ئـوبـرازى گەۋدىلەنـدۈرۈلگەن ئېلان ھۆكۈمەتـنىڭ تەسـتىقىدىن ئۆتمەي توختىتىپ قويۇلدى. مېنىڭ شىركىتىم جايلاشقان 5-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ختاي سېكرتارى تـوخـتـامـىـمىز بـولـغاچـقا مېنىڭ كـارخـانـامـنى تـاقـىتـىۋېتەلـمەي بـىر دەم بـىر دەم تـوكـنى ئۈزۈۋېتىپ ئـشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ قوياتتى ۋە سۈرۈشتۈرسەم ھېچنىمە بىلمىگەن بولـۇۋالاتتى. مەھسۇلات ماركام ۋە شىركەت نامى بولغان «بۇغراخان» دېگەن ئىسىم ۋە كـىيـم كېچەكـلەرنـىڭ تۈگمىلىرىدىكى ئاي يۇلتۇزلۇق بەلگىلەر سەزگۈر بىر تېمىغا ئايلىنىشقا باشلىغان ئىدى. شىركەت نامى تىزىمغا ئېلىنغان بېيجىڭدىكى ئورگاندىن ئۇقتۇرۇش كېلىپ شىركەت ۋە ماركا نامىنى «ئىتتىپاق» ياكى «دوستلۇق» دېگەن ئىسىمغا ئالماشتۇرۇش كېرەكلىكىمنى، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا شىركەتنىڭ ئىجازەتنامىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغانلىقنى بىلدۈردى. چۈشەندۈرۈشلەر ۋە زاكونلىشىشلار كارغا كەلمىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرىدىن تارتىپ بېيجىڭدىكى ئۇيغۇر رەھبەرلەرگىچە تېلېفون قىلىپ دەردىمنى ئېيتقان بولسامۇ، ھېچكىم ھېچنىمە قىلىپ بېرەلمىدى. ئەينى ۋاقىتتا مېنىڭ «بۇغراخان» ئىسمىنى ئىشلىتىپ كىيىم كېچەك ئىشلەپچىقارغانلىقىمدىن تەسىرلىنىپ مېنى ماختىغان ۋە كۆزلىرىگە ياش ئالغان سەيپىدىن ئەزىزىمۇ بىر ئىش قىلىپ بېرەلمىدى. 5-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ختاي سېكرېتارى بىلەن بولغان جېدەللىمىز تۈگىمىدى، ئىككى قېتىم سوتقا چىقتۇق. ختاي سېكرتار مېنى مەكتەپ مۈلكىنى بۇلىغان، ئوقۇغۇچىلارغا تەسىر يەتكۈزگەن، دەرسخانا ئورنىنى ئىگىلىۋالغان دېگەندەك تۆھمەتلەر بىلەن ئەرز قىلغان ئىدى.

مەن 1998 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئېچىلغان خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنىغا ئەرزىمنى سۇنغان بولسامۇ بىرەر نەتىجە بولمىدى. 1998 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئىقتىساد گېزىتىنىڭ مېنى زىيارەت قىلىپ يازغان «غەيرەت قىل غەيرەت» ناملىق ماقالىسى بېسىلغان ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردا ختاي دائىرىلىرى مېنى توختىتالماي بانكىدىكى 400 مىڭ سومغا يېقىن پۇلۇمنى توڭلاتتى. غۇلجادا مەن كىيىم ئەۋەتىپ بەرگەن، مەن بىلەن ئەينى ۋاقىتتا ئالاقىلاشقان قېرىنداشلىرىمىز تۇتۇلۇپ كەتكەن ياكى يوقاپ كەتكەن ئىدى. تۇتقۇن قىلىش تېخىچە داۋام قىلىۋاتاتتى. مەن بىر بالا ـ قازانىڭ مېنىڭ بېشىمغىمۇ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. دەل شۇ چاغدا ساقچىخانىدىن ئادەم كېلىپ پاسپورتۇمنى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. مەن ئەندىشەمنىڭ ئورۇنسىز ئەمەسلىكى چۈشەندىم ۋە 'پاسپورتۇم يۈتۈپ كەتكەن' دەپ تۇرۋالدىم. مېنى ئىزدەپ كەلگەن ئۇيغۇر ساقچى ماڭا پاسپورتۇمنىڭ يۈتۈپ كەتكەنلىكى ھەققىدە

گېزىتكە ئېلان بېرىپ ئۈچ كۈن ئىچىدە شۇ گېزىتنى ئېلىپ كېلىشىمنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى. ساقچىنىڭ ماڭا ئۈچ كۈن ۋاقىت بەرگەنلىكى خۇددى جېنىمنى ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن بەرگەن بىر سىگنالدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن دەرھال مۇھىم ھۆججەتلىرىم ۋە نەرسە كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ بېيجىڭغا يولغا چىقتىم. ھۆججەت ۋە ئىسپاتلارنى چامادانىنىڭ ئىچ قاتلىرىغا ئۇستىلىق بىلەن تىكىۋەتكەن ئىدىم. بېيجىڭدىن ئەتىسىلا قىرغىزىستانغا ئۇچتۇم. تۇتۇلۇپ قېلىش قورقۇنچىدا چېگرىدىن ئۆتكىچە كۆپ نەرسىلەرنى ئويلىيالمىغانىدىم. قىرغىزىستانغا چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئويلىسام مەن بارلىق مال مۈلكۈمنى، ئاتا-ئانا، قېرىنداشلىرىمنى، جاندىن ئەزىز خەلقىمنى، قۇتلۇق ۋەتىنىمنى تاشلاپ، پەقەت شۇلارغا بولغان مېھرى-مۇھەببىتىمنى ئېلىپلا قېچىپ چىقىپتىمەن. مانا شۇنداق قىلىپ مېنى كۈندە قىينايدىغان سېغىنىش ئوتىنى ھەمرا قىلىپ ياشىغان مۇساپىرلىق ھاياتىمنى باشلىدىم.

مەن 1998-يىلى 5-ئايدا قىرغىزىستانغا بارغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنى ئىزدىدىم، كۈرەش كۆسەننىڭ شۇ يەردە ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئىزدەپ بېرىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇم. كۈرەش كۆسەن بىلەن بىللە شۇ يەردىكى ئىتتىپاق جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشتىم. مەن شۇ يىلى قىرغىزىستاننىڭ مۇستەقىللىق كۈنىدىكى پائالىيەتتە ئۇيغۇر ۋەكىللىرىنى مىللىي كىيىملىرىمىز بىلەن بېزەپ پاراتتىن ئۆتكۈزۈپ ئالقىشقا سازاۋەر بولدۇم. شۇ يىلى قىرغىزىستان شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن ئۇ يەردە تۇرۇش بىزگە خەتەرلىك بولۇپ قالدى. مەن ئامېرىكا ئەلچىخانىسىكى تونۇشلارنىڭ ياردىمىدە بىرلەشكەن دولەتلەر تەشكىلاتى مۇساپىرلار مەھكىمىسىگە ئىلتىماس سۇندۇم، كۈرەش كۆسەننىمۇ شۇنداق قىلىشقا قايىل قىلدىم. ئىلتىماسىمىز تەستىقلىنىپ چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا مۇساپىرلار مەھكىمىسى ئىشخانىسى بىزگە 'خىتايغا قايتۇرۇشقا بولمايدۇ' دەيدىغان ھۆججەت ۋە ۋاقىتلىق كارتلارنى چىقىرىپ بەردى. بىز كوچىغا چىقساق شۇ كارتلارنى بوينىمىزغا ئېسىۋالاتتۇق. بىزنىڭ ئىلتىماسىمىز بىلەن ئۇيغۇر مۇساپىرلار مەسىلىسىدە يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلغان بولدى. بۇ جەرياندا ئامېرىكا ئەلچىخانىسىدىكى كىرىس ۋە ئېرىك دېگەن دوستلىرىم كۆپ ياردەم قىلدى. 2000-يىلىنىڭ بېشىدا مەن ھوللاندىيەگە، كۈرەش كۆسەن شۋېتسىيەگە يولغا چىقتۇق. شۇندىن كېيىن قېرىندىشىم، سەبدىشىم كۈرەش كۆسەن بىلەن ئۇ ۋاپات بولغۇچە شۇ يېقىنلىقنى ساقلاپ نۇرغۇن كۆرەشلەردە بىرگە بولدۇم.

ياۋرۇپاغا كەلگەندىن كېيىن بۇ ئەركىن مۇھىتتا نېمە قىلالايدىغانلىقىم ھەققىدە كۆپ ئويلاندىم، تىل ئۆگەندىم. ياۋرۇپانىڭ سىياسى ۋە مەدەنىيەت مۇھىتى بىلەن تونۇشتۇم. 2003-يىلى ھوللاندىيەنىڭ

لەيدىن ئۇنىۋېرستېتىدا كۆرەش كۆسەن بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۆنى تەشكىللەپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە شۇ چاغدا نورۋېگىيەدە رافتو كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتىغا نامزات قىلىپ كورسىتىلگەن رابىيە قادىر ئانىمىزنى تونۇشتۇردۇق. مەن ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ھوللاندىيەنىڭ سىياسى كۆنتەرتىپىگە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن تىبەتلەردىن ئىلھام ئېلىپ ھوللاندىيە پارلامېنتىدا ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ چىقتىم. شۇ چاغدا ئايدا بىر قېتىم شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىكى ئۇيغۇرلارنى قوللايدىغان سىياسەتچىلەر ۋە فرەي ئۇنىۋېرستېتىدىكى ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى بىلەن ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ھوللاندىيەدە تونۇتۇش ۋە ئۇيغۇرلارغا ياردەم ئىشلىرى ھەققىدە پىلانلارنى تۈزۈپ ئىجرا قىلاتتۇق. 2009 ـ يىلى خىتاي قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى تەبرىكلىنىۋاتقان مەزگىلدە ھوللاندىيە دۆلەتلىك تېلېۋىزىيىسى مېنى ئالاھىدە پروگراممىدا زىيارەت قىلىپ خىتاينىڭ دولەت بايرىمىنىڭ ئۇيغۇرلارغا نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى سورىغاندا مەن بۇنىڭ بىز ئۈچۈن بىر ماتەم كۈنى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ھەسرەتلىك بىر تەمبۇر مۇزىكىسى بىلەن ھېسسىياتىمنى ئىپادىلەپ بەرگەن ئىدىم. 2010 ـ يىلى مەن ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسى نامىدىن تەيۋەندىكى ئۆركەش دۆلەتنى ھوللاندىيە پارلامېنتىغا تەكلىپ قىلىپ ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە سۆزلەشكە ئورۇنلاشتۇردۇم. 2012 ـ يىلى ھوللاندىيەنىڭ دەنھاگ شەھرىدە خىتاينىڭ قىرغۇچى قوراللىرىنى چەكلەش تېما قىلىنغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يىغىنى ئېچىلغان ئورۇندا «خىتاي دۇنياغا تەھدىت بولىدۇ» تېمىسىدا نامايىش تەشكىللىدىم. ئون نەچچە ئادەمگە ئوقتۇرۇش قىلغان بولسامۇ قاتناشقان ئادەم ئوغلۇم ئىككىمىز ۋە بىزنى قوللايدىغان بىر قانچە ھوللاندىيەلىكەر بولدى. ھوللاندىيە پارلامېنتىدىكى ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسى ئۈچۈن بېرىلگەن ئامېستېردامدىكى ئىشخانامدا مۇخبىرلارنى كۆپ قېتىم كۈتىۋالدۇق، شۇنداقلا، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىدا مېنىڭ ھوللاندىيەدىكى سىياسى ۋە مەدەنى پائالىيەتلىرىم ھەققىدىكى خەۋەرلەر داۋاملىق بېرىلدى. ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسىنىڭ ھوللاندىيە پارلامېنتىدىكى لوبىچىلىق پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە ھوللاندىيە پادىشاھلىقى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلغان بىر دۆلەتكە ئايلاندى.

ھوللاندىيەدە ياشىغان 15 يىل ھاياتىمدىكى ئەڭ قىممەتلىك، شۇنداقلا ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ جۇشقۇن ۋاقىتلىرىم بولۇپ، قىلغان ئىشلىرىم ۋە ئېرىشكەنلىرىم كۆپ بولغىنىدەك، ساۋاقلىرىممۇ كۆپ بولدى. بۇ جەريانلاردا مەن ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ياۋروپا پارلامېنتىدا كۆنتەرتىپكە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كۆپ ھەرىكەت قىلدىم. ئۇيغۇر بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە باش كاتىپى بولۇپ پائالىيەت قىلدىم. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇيىنخېندا ئېچىلغان 2 ـ قۇرۇلتىيى ۋە ياپونىيەدە ئېچىلغان 4 ـ قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشتىم. 2015 ـ يىلى تېخىمۇ زور ئارزۇ ئارمانلار بىلەن ئامېرىكاغا كۆچۈپ كەلدىم.

مەن ئامېرىكاغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ئېگىلىك تىكلەش ئۈچۈن كۆپ ئىزدەندىم. 2019 ـ يىلىغا كەلگەندە مەن ئۆزۈن مۇددەتلىك پۇختا تەييارلىق ۋە كۆپ مەبلەغ بىلەن كولليج پارك دېگەن يەردە ماركو ۋە پولو دېگەن نامدا بىر ئۇيغۇر رېستورانى ئاچتىم. بېزەش ئۈچۈنلا 8 ئاي كەتتى. كولليج پارك ئوقۇغۇچىلىق ۋە ساپالىق ئامېرىكالىقلار ياشايدىغان، مەكتەپلەر كۆپ، شۇنداقلا دىيانەت مەركىزىگە يېقىن يەر بولغاچقا شۇ رېستورانىمنى شۇ يەرگە ئېچىشنى قارار قىلغان ئىدىم. بۇ رېستوراننى ئۇيغۇر داۋاسىنى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تونۇتىدىغان بىر كۆزنەك قىلىشنى پىلان قىلغان ئىدىم. مەن رېستورانچىلىقنى 2013 ـ يىلى ھوللاندىيەدە ۋاقتىمدىلا باشلىغان بولۇپ، قانداق قىلىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تارىخى ئارقىلىق ئۇيغۇر مەسىلىسىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ھەققىدە ئىزدەنگەن ئىدىم. رېستورانىمنىڭ ئىسمىنى ماركو ۋە پولو دەپ قويۇشىمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدى. مېنىڭ رېستورانىم ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى تونۇشتۇرىدىغان، ئۇيغۇر مەسىلىسى ئۈچۈن لوبىچىلىق قىلىدىغان بىر ئۆتەڭگە ئايلانغان ئىدى. رېستوراننىڭ ئىچىدىكى بېزەكلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگىلا ئەمەس، ئۇيغۇرنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى سىياسىي ۋەزىيىتىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرەتتى. مەن بۇ جەرياندا كۆپلىگەن ئامېرىكالىق ئاكادېمىكلەر، سىياسەتچىلەر ۋە تۈرك دىپلوماتلار بىلەن تونۇشتۇم. ئوغلۇم دىيانەت مەركىزى ئاچقان مەكتەپتە ئوقۇغان ئىدى، ئۇ ھافىزلىق دىپلومىنى پرېزىدېنت ئەردوغاندىن تاپشۇرۇپ ئالدى. 2000 ـ يىلى نيۇ يورك ۋاقتى گېزىتى مېنىڭ رېستورانىم ۋە سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى يەنە بىر قېتىم دۇنيانىڭ كۈنتەرتىپىگە ئېلىپ كەلدى. ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ ئۆزبەكچە قانىلى ۋاشىڭتون چايخانىسى دېگەن سەھىپە ئارقىلىق رېستورانىمنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە ئىككى قېتىم مەخسۇس فىلىم ئىشلىدى. 2020 يىلى يامرىغان خىتاي ۋىرۇسى سەۋەبى بىلەن تازا روناق تېپىپ تونۇلىۋاتقان، ھەددى ھېساپسىز ئەجىرىم سىڭگەن ماركو ۋە پولو رېستورانىم تاقىلىپ قالدى. ھۆكۈمەتتىن ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمىدىم. مۇشۇنداق قىيىن ۋاقىتلاردا رېستورانىمنىڭ خېرىدارى بولغان بولغان ۋە ئۇيغۇرلارنى سەممىي قوللاپ كېلىۋاتقان كولليج پارك رايونىدا تۇرىدىغان ئامېرىكالىق تونۇشلىرىمدىن مارىلاند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسورى ئالېكساندېر قاتارلىقلار 13 مىڭ دوللار يىغىپ مېنىڭ ئېگىلىكىمنى داۋاملاشتۇرۇشۇمغا ئىلھام بەردى. بۇ مەن ئۈچۈن 13 مىليون دوللار بەرگەندىنمۇ ئارتۇق بىر قوللاش ئىدى.

كېيىن مەن تەجرىبە ئۆگىنىش مەقسىدى بىلەن ۋىرجىنىيەنىڭ تايسىنس كورنېر دېگەن يېرىدىكى فرانسىيەنىڭ لا پاين ناملىق داڭلىق رېستورانىدا بىر قانچە ۋاقىت باشقۇرغۇچى بولۇپ ئىشلىدىم. ئۇندىن كېيىن مەن قايتا باش كۆتۈرۈش مەقسىدىدە ئىندىئانا شتاتىنىڭ بلۇمىڭتون شەھرىگە كۆچۈپ باردىم. بۇ يەردە قايتا ئېچىلغان ماركو ۋە پولو قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر مەسىلىسىگە قىزىقىدىغانلارنى جەلپ قىلىدىغان ۋە شەھەر باشلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپلىگەن تەسىردار كىشىلەرنى كۈتىۋالىدىغان داڭلىق رېستورانغا ئايلاندى. يېقىندا بلۇمىڭتون ۋاقتى گېزىتى

2024-يىلى شۇ رايوندىكى ئەڭ بازارلىق 300 رېستورانىنىڭ ئىسمىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ماركو ۋە پولو رېستورانى مۇشۇ تىزىملىكنىڭ ئالدىنقى 3-قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

مېنىڭ قارىشىمدا ئۇيغۇر تاماقلىرى قوساق تويغۇزىدىغان يېمەكلىك ئەمەس، بەلكى بىر مەدەنىيەت-سەنئەت، ئۇيغۇرلارنىڭ يۈكسەك مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان تېتىقلىق، پۇرىقلىق بولىدىغان سەنئەت ئەسىرى، ئالى دەرىجىلىك ساغلاملىق بويۇمى ئىدى. مەن ئۇيغۇر تاماقلىرىنى دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق يېمەكلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغۇزۇشنى، ماركو ۋە پولو رېستورانىنى ئورگانىك ئەشيالار بىلەن تاماق قىلىدىغان، دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل رېستورانلار قاتارىدا يۈرۈشلەشكەن، تارماقلاشقان رېستوران قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى نىشان قىلىپ قويغان ۋە بۇ ھەقتىكى پىلانلىرىمنى تۈزۈپ قويغان ئىدىم. مەن رېستورانىمنىڭ تارماقلىشىشى ئۈچۈن زاۋۇت قۇرۇشنى، ئۇيغۇرنىڭ يېمەك ئىچمەك مەدەنىيىتىنى ساقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر يېمەك ئۇستىلىرىنى تەربىيەلەپ چىقىشنى يېقىن كەلگۈسى پىلانىم قىلدىم. ئۇيغۇرنىڭ كىملىكى ھەر تەرەپتىن تۈرلۈك خىرىسلارغا دۇچ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە مېنىڭ تىرىشچانلىقىم ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ۋە روھىنى ساقلاشتا بىر يېڭىلىق ياراتقۇسى دەپ ئىشىنىمەن.

مېنىڭ ئىسمىم غەيرەت. مەن بىر ئىشىك ئېتىلسە ئون ئىشىك ئېچىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان، يىقىلغان يەردىن بىر سىقىم توپىنى بولسىمۇ يۇلۇپ ئېلىپ ئورنىدىن تۇرىدىغان غەيرەت. مەن كۈچ قۇۋۋىتىنى خەلقىگە بولغان سۆيگۈسىدىن ئالغان، ئۇيغۇرلۇقىدىن پەخىرلىنىدىغان، خىتاينىڭ كۆزىگە مىق بولۇپ قادىلالايدىغان غەيرەت. مەن قىيىنچىلىقلارغا، يىقىلىشلارغا تەن بەرمەيدىغان، تىنماي ئىلگىرلەيدىغان يالماس غەيرەت، ئۇيغۇرنىڭ غەيرىتى.

# خوشال ياشاش روھى ساغلاملىق ۋە كەلگۈسى نىشانغا يېتىشنىڭ ئاساسدۇر



مەمەت ئىمىن

## خوشال ياشاش روھىي ساغلاملىق ۋە كەلگۈسى نىشانغا يېتىشنىڭ ئاساسدۇر

مەمەت ئېمىن دوختۇر

ھاياتىدا خۇشال ۋە بەختلىك ياشاشنى ئۈمىت قىلمايدىغان ياكى خالىمايدىغان ئىنسان يوق، ئەمما ئۆمرىدە خوشال ۋە بەختلىك بولمايدىغان ئىنسانلار ئاز ئەمەس. ھەممەمىز خوشال بولۇشنى ۋە بەختلىك ياشاشنى ئۈمىت قىلىمىز ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىمىز، ئەمما ئۇ ئۈمىدىمىز ۋە تىرىشچانلىقىمىز سەۋەبىدىن ھەممىمىز ھەر زامان خوشال ياكى بەختلىك بولالىشىمىز ناتايىن. بەزى كىشىلەر ھەر قانداق شارائىتتا ئۆزىنى خوشال ۋە بەختلىك ھېس قىلدۇرىدىغان ئىش ھەرىكەتلەرنى ئىزدەپ سوراپ، تېپىپ، ئۆزىنى روھلۇق، تېتىك تۇتۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتسە، يەنى بەزى كىشىلەر ھاياتىدا دۇچ كەلگەن ھەر خىل ئوڭۇشسىزلىق ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەر سەۋەبىدىن خوشاللىق ۋە بەخت ھېس قىلالماسلىقى مۇمكىن. يەنە بەزى كىشىلەر ھەتتا قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ۋە قانچىلىك بايلىققا ئېرىششتىن قەتئىينەزەر، ئۆمرىدە ئېچىدىن خوشال ياكى بەختلىك بولالماسلىقىمۇ مۇمكىن.

خۇشاللىق ياكى بەخت بىر خىل مۇرەككەپ ھېس تۇيغۇ بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ قازانغان مۇۋەپپىقىيەتلىرى، ئېرىشكەن نەتىجە ۋە بايلىقلىرى بىلەن پۈتۈنلەي ئوڭ تاناسىپ بولمايدۇ. ھەم شۇنداقلا ئۇ، ئىنسانلار دۇچ كەلگە مەغلۇبىيەت، قىيىنچىلىق ۋە يوقسۇزلۇق بىلەن تەتۈر تاناسىپمۇ بولمايدۇ. ئەكسىنچە ئۇ ئىنسانلارنىڭ دۇنياغا قانداق قارىشى، ئۇلارنىڭ شۈكۈر-قانائەت ۋە مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، دۇنياغا ياخشى كۆزى بىلەن قارايدىغان، شۈكۈر-قانائەت ۋە مىننەتدارلىق تۇيغۇسى كۈچلۈك بولغان ئىنسانلار ئاسان خوشال ياكى بەختلىك بولالايدۇ ۋە شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئىقتىسادى كىرىمىنىڭ تۆۋەن، تۇرمۇشىنىڭ قىيىن بولۇشى، ئۇلارنىڭ خوشال ۋە بەختلىك بولۇشغا توسالغۇ بولالمايدۇ. مۇسبەت ئېنېرگىيەلىك، ئۈمىتۋار، دۇنياغا ياخشى كۆزى بىلەن قارايدىغان ئىنسانلار، ھەر قانداق شارائىتتا ئۆزىگە خاس ئۇسۇل بىلەن خوشاللىق تاپالىشى ۋە بەخت ھېس قىلالىشى مۇمكىن. ئەكسىنچە دۇنياغا گۇمان ۋە يامان كۆزى بىلەن قارايدىغان، شۈكۈر-قانائەت ۋە مىننەتدارلىق تۇيغۇسى كەمچىل ئىنسانلار، ھەرقانچە ئەۋزەل شارائىت ۋە بايلىققا ئېرىششتىن قەتئىينەزەر، ئاسانلىقچە خوشاللىق ياكى بەخت ھېس قىلالماسلىقى مۇمكىن.

پسخلوگىيە ئىلمىدا «anhedonia» [ئەنھېدونىيا] دەيدىغان بىر ئاتالغۇ بار بولۇپ، ئۇ «ئەسلا خوشال بولالماسلىق» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. ئۇ بىر خىل روھىي بىنورماللىق ياكى روھىي كېسەللىك بولۇپ، ئۇ ئادەتتە چۈشكۈنلۈك ياكى خامۇشلۇق كېسلى، زەخمىدىن كېيىن تەشۋىشلىنىش كېسلى، ئىككى قۇتۇپلۇق روھىي بۆلۈنۈش كېسلى قاتارلىق ھەر خىل روھىي كېسەللىكلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئىنسانلاردا ھېچقانداق نەرسىگە قىزىقىش بولمايدۇ؛ باشقىلار بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ۋە ياكى ئىجتىمايى كۆڭۈل ئېچىش پاالىيەتلىرىگە قاتنىشىشنى خالىمايدۇ؛ ئەڭ ئەۋزەل، ئەڭ گۈزەل، ئەڭ خوشاللىنارلىق مىنۇتلاردىمۇ ئەسلا خۇشاللىق ياكى بەخت ھېس قىلالمايدۇ. ئۇيقۇ سۈپىتى ناچار بولىدۇ، جىنسىي ھەۋىسى بىراقلا تۆۋەنلەپ ياكى يوقاپ كېتىدۇ.

تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ كېسەل چوڭ مېڭەنىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ كەمچىل بولۇشىدىن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئىكەن. مېڭىنىڭ بۇ قىسمى قۇلاقنىڭ ئۈستى ۋە كەينىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭدا چوڭ مېڭىنىڭ دوپامىن قوبۇل قىلىدىغان ۋە ئىشلەپ چىقىرىدىغان «خۇشاللىق مەركىزى» بار. دوپامىن «زوقلاندۇرۇش» ھورمونى بولۇپ، ئۇ مېڭىنىڭ بۇ قىسمىدىكى ھەرىكەتنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىنساننىڭ «مۇكاپات»لار نى تونۇشى ۋە ئۇنىڭغا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئورۇن ھەرىكەتتىن توختىسا، مېڭە «مۇكاپات»لار نى تونۇيالمايدۇ ۋە خوشال بولۇشقا تېگىشلىك ئىشلارغا خوشاللىق ھېس قىلالمايدۇ.

مۇتەخەسسلەرنىڭ قارىشىچە ھەر قانداق ھەرىكەت، بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە ئىجتىمائى پاالىيەتلەر بەدەننىڭ دوپامىن ئاجرىتىپ چىقىرىشىغا ياردەم بېرىدىكەن ۋە بەدەن ئاجرىتىپ چىققان ئۇ دوپامىنلار چوڭ مېڭىنىڭ «خۇشاللىق مەركىزى» نى غىدىقلاپ، ئىنساندا خوشاللىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىكەن.

پسخلوگىيە مۇتەخەسسلىرىنىڭ قارىشىچە، يۇقىرىقىدەك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان ئىنسانلاردىن باشقا، تۆۋەندىكى كىشلەرمۇ ئاسانلىقچە خوشال بولالمايدىكەن ياكى ھەقىقى تۇردە بەخت ھېس قىلالمايدىكەن.

داۋاملىق ئۆزىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن كىشلەر.

2. ئۆزىنى قانداق ئاسراشنى ياكى ئۆزىگە قانداق كۆيۈنۈشنى بىلمەيدىغان ياكى ئۇنىڭغا سەل قارايدىغان كىشلەر.

3. ئىجتىمائى جەمئىيەت شارائىتىدا قاپسىلىپ قالغان كىشلەر.

4. راھەتسىز ھەقىقەتلەر بىلەن ۋاقتىدا يۈزلەشمەي، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ئىنسانلار.

5. ھەمىشە باشقىلارنىڭ ئالقىشىغا، ئېتىراپ قىلىشىغا ۋە ياكى مەدھىلىيىشىگە تەشنا بولىدىغان كىشىلەر.

6. مەغلۇب بولۇشتىن زىيادە ئەندىشە قىلىدىغان ۋە قورقىدىغان، ئۇنىڭ قىممىتىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر.

7. جەمئىيەت ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ مۇھىملىقىنى بىلمەيدىغان ياكى ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان كىشىلەر.

8. يەككە مۇۋەپپەقىيەتنى زىيادە قوغلىشىدىغان ۋە ھەمكارلىققا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان كىشىلەر.

9. ئۆزى بولماي، داۋاملىق باشقىلارنىڭ ھاياتىدا ياشاشنى ئويلايدىغان، باشقىلارنىڭ قانداق قارىشىغا زىيادە ئەھمىيەت بېرىدىغان ياكى ئۇنىڭدىن زىيادە ئەندىشە قىلىدىغان كىشىلەر.

10. مال-دۇنيانى زىيادە چوڭ بىلىدىغان، بەختلىك ھاياتنى پەقەتلا پۇلغا باغلاپ چۈشىنىدىغان كىشىلەر.

خوشال ياشاش ۋە بەختلىك بولۇش، يالغۇز ئىنسانلارنىڭ گۈزەل ئىستەكى بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنى روھىي ساغلاملىقنىڭ ئالامىتى ۋە روھىي ساغلام بولۇشنىڭ ئاساسىدۇر. يەنى، ھاياتى خوشاللىق ۋە بەخت ئىچىدە ئۆتكەن ئىنسانلارنىڭ روھىي كەيپىياتى ساغلام بولىدۇ. روھىي ساغلام ئىنسانلار ساغلام تەپەككۇر قىلغىنى ۋە دۇنياغا ياخشى كۆزى بىلەن قارىغىنى ئۈچۈن، ئۇلار ھاياتتىنى خوشال ۋە بەختلىك ئۆتكۈزەلەيدۇ. خوشال ياشاش ۋە بەختلىك بولۇش ھەممىمىزنىڭ ھەققى، ساغلاملىقىمىزنىڭ كاپالىتى ۋە كەلگۈسى مەقسەتلىرىمىزگە يېتىشنىڭ ئاساسى.



# يىپەك يولى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىش

گۈلشەن ئابدۇقادىر

# يىپەك يولى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىش

گۈلشەن ئابدۇقادىر (سەھەر)

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «ياقىلار ئېتەك بوپتۇ، ئېتەكلەر ياقا» دەيدىغان بىر ماقال-تەمسىلى بار. يىپەك يولىنىڭ مىڭ يىللىق تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ يولنىڭ ئادەتتىكى بىر تىجارەت يولى بولماستىن بەلكى تارىختىن بۈگۈنگىچە بولغان جەرياندا، بۈگۈنكى دۇنيانىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رولłارنى ئويناپ كەلگەنلىكىنى، بەزىدە دۇنيا تەرتىپىنى قۇرۇپ چىقىشتا مۇھىم رول ئوينىغان بولسا يەنە بەزىدە ئۆزى قۇرۇپ چىققان ئەشۇ دۇنيا تەرتىپى تەرىپىدىن تاقاپ قويۇلغان ياكى ئېتىبارسىزلاشتۇرۇلغان، بەزىدە «ئېتەك» بەزىدە «ياقا» بولغان بىر يول ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بۇ يول ھەققىدە نۇرغۇنلىغان كىتابلار يېزىلدى، تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. بۇ يوللاردا نۇرغۇنلىغان شىرىن چۈش ۋە پىلانلارنى تۈزگەن مەشھۇر كىشىلەر بولدى، ئۇلارنىڭ بىرى مەشھۇر سەيياھ ماركوپولو (Marco Polo) بولۇپ، ماركوپولونى قۇبلەيخان ئوردىسىغىچە تۇتاشتۇرغان مۇشۇ مەشھۇر يىپەك يولى ئىدى.

دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى، يوللارنىڭ سۇلتانى ھېسابلانغان يىپەك يولىنىڭ سۇلتانلىقىغا خاتىمە بەرگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما خىتاي رەئىسى جاللات شىجىنپىڭنىڭ 2013-يىلى، قازاقىستاننىڭ پايتەختى ئاستانا شەھرىدە ئېلان قىلغان، «بىر بەلباغ، بىر يول» شىرىن چۈشى بىلەن بۇ يول يەنە قايتا ئېچىلدى. خىتاي رەئىسى شىجىنپىڭنىڭ شېرىن چۈشى سەيياھ ماركوپولونىڭ يىپەك يولى ئۈستىدىكى شىرىن چۈشىگە تامامەن ئوخشىمايتتى. جاللات شىجىنپىڭنىڭ شىرىن چۈشىنىڭ مۇھىم بىر قولى ھېسابلانغان خىتاي-پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى، خىتاينىڭ شىئەن شەھرىدىن باشلىنىپ، ئۇيغۇر ۋەتىنى شەرقى تۈركىستاننىڭ تارىخىي شەھرى قەشقەر شەھرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، خىتاينى ۋە شەرقى تۈركىستاننى پاكىستاننىڭ ھىندى ئوكيان گىرۋىكىدىكى گۋئادا پورتىغا تۇتاشتۇراتتى. خىتاي رەئىسى شىجىنپىڭنىڭ يىپەك يولى ئۈستىدە قۇرغان «بىر بەلباغ، بىر يول» دەپ ئىسىم قويغان بۇ شىرىن چۈشىنىڭ بىر ئۇچىدا خىتاي ماللىرىنى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ياۋرۇپا ۋە ئافرىقىغا توشۇش،

دۇنيادىكى مۇھىم پورت ۋە ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە كەمبەغەل دۆلەت ۋە شەھەرلەرگە مەبلەغ سېلىش قەرز پۇلنى ئايىماي بېرىش يولى بىلەن بۇ دۆلەتلەرنى قەرز پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويۇش، ئاقىۋەتتە بېسىۋېلىش، ئامېرىكىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ دۇنياغا ھۆكۈمران بولۇش، ئۆزىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان، نېفىت ۋە ئېنېرگىيىگە بولغان ئېھتىياجىنى بۇ يول ئارقىلىق قامداش قاتارلىق رەزىل مەقسەتلىرى بولسا يەنە بىر ئۇچىدا «بىر بەلباغ، بىر يول» شىرىن چۈشى ئۆتتۈشمىسىنىڭ يۈرىكى ھېسابلانغان ۋە بۇ شىرىن چۈشىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا تەھدىت دەپ قارىلىۋاتقان، خىتاي مەنبەلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندىمۇ 11 مىليون ئۇيغۇر ياشايدىغان بۇ زېمىننى قۇشلارمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدىغان ھالەتكە ئەكىلىش، ئۇيغۇر خەلقىنى جازا لاگېرلىرىغا سولاپ، قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىش يولى بىلەن، بۇ شىرىن چۈشىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا تەھدىت بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان ئۇيغۇر ئىسىملىك بۇ مىللەتنى يەر يۈزىدىن تامامەن يوق قىلىش ۋە ئۇيغۇر ئىسىملىك بىر مىللەتنىڭ بۇ زېمىندا ياشىمىغانلىقىدىن ئىبارەت يېڭى تارىخنى يېزىپ چىقىش سوزۇلۇپ ياتىدۇ.

خىتاي رەئىسى شىجىنپىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» شىرىن چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن 2016-يىلىدىن ئېتىبارەن ئىككى ئىشنى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىرى، كونا يىپەك يولى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىغان ناھايىتى ئېگىز ۋە قىلىن بولغان قاراقۇرۇم تاغلىرىنى تېشىپ، قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن باشلانغان، كەڭ ۋە ئازادە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يولنى ھىندى ئوكيان گىرۋىكىدىكى گۋادا پورتىغا تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق، پاكىستاننىڭ ئاددى ۋە كىچىككىنە بېلىقچىلىق شەھىرى ھېسابلانغان گۋادا پورتىنى چاقنىتىش، بۇ ئارقىلىق ئۆز شىرىن چۈشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش. شۇ ۋەجىدىن خىتاي، شىئەننى قەشقەر شەھرىگە، قەشقەر شەھرىنى بىۋاستە ھىندى ئوكيان گىرۋىكىدىكى گۋادا پورتىغا تۇتاشتۇرىدىغان خىتاي-پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورىنى 62 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بىلەن قۇرۇپ چىقتى؛ يەنە بىرى بۇ يولدا پۈتلىكاشاڭ بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان ئۇيغۇر مىللىتىنى يوق قىلىش. بۇندىن مىڭ يىللار مۇقەددەم يىپەك يولىغا ھاكىم بولۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن ۋە بۇ يولدا شىرىن چۈشلەرنى كۆرگەن، ھۇن ئىمپېراتورلىقى، رۇم ئىمپېراتورلىقى، پارس ئىمپېراتورلىقى، خەن خاندانلىقى قاتارلىق ئىمپېراتور ۋە خاندانلىقلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى توسالغۇ يىپەك يولىدىكى جۇغراپىيىلىك ۋە ھاۋا كىلىماتى جەھەتتىكى توسالغۇلار ئىدى.

«يىپەك يولى» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى توماس ھولمان (Thomas O. Höllmann) ئۆز كىتابىدا يىپەك يولىنىڭ ئېگىز تاغ ۋە چۆل يوللار بىلەن قاپلانغان، ناچار ھاۋا كىلىماتىغا ئىگە جۇغراپىيىلىك ئورنى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «يىپەك يولى بېسىپ ئۆتىدىغان يوللارنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ئۆزگىچە بولۇپ، تۈرلۈك ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات تۈرلىرى بىلەن قاپلانغان. باش

ئاخىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان مۇز تۇتقان ئېگىز-ئېگىز قىيالىق تاغلار ۋە چۆللەر ئۆتمۈشتە يولنىڭ ئىلگىرلىشىگە توسالغۇ بولۇپ، يازنىڭ تومۇز ئىسسىق ۋە قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرى بۇ يولدا ئىلگىرلەشنى تەسلەشتۈرۈپ تۇرىدۇ. قاراقۇرۇم، كۇئېنلۇن، ھىندىقۇش، تەڭرىتاغ ۋە پامىر تاغلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئېگىزلىكى 7 مىڭ مېتىردىن ئاشىدۇ. ھەتتا ھىمالايا تاغلىرىنىڭ غەربى شىمالىغا تۇتاشقان قاراقۇرۇم تېغى ئەتراپىنى 8 مىڭ مېتىرلىق ئېگىزلىكى بىلەن ئوراپ تۇرغان باشقا تاغلارغا نىسبەتەن دۇنيادىكى 2- ئېگىز تاغ تىزمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قارا قۇرۇم تېغى 5575 مېتىر، قونجىراپ ئېغىزى 4733 مېتىر ۋە تولغارت تېغى 3752 مېتىر ئېگىزلىكتىدۇر. دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ 2- چۆللۈك ھېساپلانغان تەكلىماكان چۆللىكىمۇ مانا مۇشۇ يىپەك يولىغا جايلاشقان بولۇپ، يازدا تېمپېراتۇرا ئىنتايىن يۇقۇرى، يامغۇر ياغمايدىغان قۇرغاقچىلىق رايۇنلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تەكلىماكان چۆللىگىنىڭ غەربى، شىمالى ۋە جەنۇبى، ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان تارىم ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىدۇر. يىللىق يامغۇر يېغىش مىقتارى 50 مىللىلېتىرنىڭ تۆۋىنىدە بولغانلىقتىن بۇ رايۇنلاردا دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئىمكانسىزدۇر. ياز ئايلىرىدا 60 گرادۇسقا چىققان ئىسسىقلىقتا پارغا ئايلىنىش ۋە سىڭىپ كىرىش دەرىجىسى ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن يۇقىرى سەۋىيەدىدۇر. بولۇپمۇ ماي ئېيىدىن ئاۋغۇستقىچە بولغان پەسىلدە، چۈشتىن كېيىن سائېتىگە 72 كىلومېتىر تېزلىك بىلەن چىقىدىغان ئىنسان ۋە ھايۋانلار ھاياتىغا تەھدىت سالىدىغان قۇم ۋە چاڭ-توزاڭ، بوران-چاپقۇنلىرىمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. تەكلىماكاندا شامالنىڭ ئۇزاق جايلارغا يۆتكىشى، قۇم رايۇنىغا تۈرلۈك رەڭلەرنى بەرگەن. قارا قۇرۇم دېڭىز يۈزىدىن 81 مېتىر تۆۋەندە بولۇپ، يىپەك يولىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرى دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بولۇش بىلەن دۇنيادىكى 2- چوڭ ئويمانلىق ھېسابلانغان تۇرپان ئويمانلىقى يەر ئالماقتا. ياز ئايلىرى يىپەك يولى كېسىپ ئۆتىدىغان بۇ رايۇنلار ئىنتايىن ئىسسىق بولۇش بىلەن كىشىنى بىئارام قىلسا، قىشتا ئىنتايىن سوغۇق رايون بولۇپ ھسابلىنىدۇ».

8-ئەسىردە خىتاينىڭ غەربى يۇرت يەنى ئۇيغۇر دىيارىغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى جاڭچيئەن ( 张骞) يىپەك يولى كېسىپ ئۆتىدىغان بۇ ئېگىز ۋە تىك تاغلىق رايۇنلاردىكى سېنتەبىر ئايلىرىنىڭ كىرىشى بىلەن باشلىنىدىغان ناچار ھاۋا كىلىماتى ھەققىدە شېئىرلار يازغان ئىدى.

شىمالنىڭ ئاچچىق شامالىرى كېزىپ ئۆتكەندە،

باشلىرىنى ئېگىشىدۇ سەھرانىڭ ئۆت چۆپلىرى،

كۆز پەسلى باشلار ـ باشلىماس،

قار بىلەن پۈركىنىدۇ ياتلارنىڭ يۇرتى.

تۆلكە تېرىسى ئىستىماس بولۇر،

يىپەك يىپىنچىلار بەكمۇ نىپىز بولۇپ قالىدۇ.

چۆل ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە توڭلايدۇ.

بۆلۈتلار قورقۇنچ شەكىللەر ئالار...

يىپەك يولىنىڭ يازلىق تېمپېراتۇرىسى يازدا 60 گرادۇس بولۇپ ماي ئايلىرىدىن ئاۋغۇستقىچە قۇم بورانلىرى بۇ زېمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. 5 ـ ئەسىردە تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتكەن سەيياھ كەشىش باھسىن (Kashish Bhasin) بايان قىلغاندەك، يىپەك يولى كارۋىنىغا ئەگەشكەن تىجارەتچىلەر، ئۆلۈكلەرنىڭ قۇرىغان سۆڭەكلىرىگە قاراپ يوللىرىنى تاپىدىغان ئەھۋالدا ئىدى. ئەينى تارىخلاردا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان قوچۇ ئۇيغۇر خاندانلىقى يىپەك يولىنىڭ سول قول يۆنىلىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يىپەك يولىغا كىلىپ كەتكەن ھەر خىل دىن، ھەرخىل مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنىگە ۋە ھەر خىل تىللارغا مەنسۇپ يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىگە ساھىپخانلىق قىلغان ئىدى.

يىپەك يولى يەنە رۇم ئىمپېراتۇرلىقىنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي ۋە سىياسى يوللىرى ھىسابلانغان ھازار دېڭىزى، باسرا قولتۇقى ۋە ئاق دېڭىز ئارىسىدا قالغان رايونلار ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئىدى. 20 ـ ئەسىرگە قەدەر تۆگە يىپەك يولىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھايۋانلىرىنىڭ بىرى ئىدى. پامىر ۋە تەڭرىتاغلىرىنى بويلاپ ئىلگىرلىگەندە، يول يۆنۈلۈشىنى بەلگىلەش ئۈچۈن يۇلتۇزلارغا قارايدىغان ئىش يوق ئىدى. ھىندىستان، ئەرەپ يېرىم ئارىلى، مەككە، قىزىل دېڭىز، سومالى يېرىم ئارىلى، ھەتتا كېنىياغىچە تۇتۇشاتتى بۇ مەشھۇر يىپەك يولى.

شۇنداق، يىپەك يولى ئادەتتىكى بىر تىجارەت يولى بولۇپلا قالماي بەلكى تارىختىن بۇيان بۈگۈنكى دۇنيانىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە. يىپەك يولى ئاسترونومىيىنىڭ، دىنلارنىڭ، ئۆرۈپ ـ ئادەتلەرنىڭ، كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ پۈتۈن دۇنياغا يېيىلىشىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن يولدىن ئىبارەت. يىپەك يولى پەقەتلا تىجارەت يولى ئەمەس بەلكى مەدىنىيەتلەر ئارا تەسىر كۆرسىتىشتىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان ھەمدە ئىسلامىيەت ۋە بارلىق دىنلارنىڭ ئۆز ـ ئارا تەسىر

كۆرسىتىشىدىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان يولدۇر. شۇنداق بولۇپلا قالماي يېڭى جايلار فەتىھ قىلىنسا، بەزىدە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىمۇ شەرقتىن غەرپكە توشۇپ تۇرغان ۋە مىليونلىغان ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەپ بولغان يولدۇر.

يىپەك يولى ئىسمىنى 1801-يىلىدىن 1874-يىلىغىچە ياشاپ ئۆتكەن گېرمانىيىلىك جۇغراپىيەشۇناس فېردىنەند ۋون رىكتوفېن (Ferdinand von Richthofen) بەرگەن بولۇپ، سەۋەبى بۇ يولدا ئەڭ كۆپ توشۇلىدىغان مالنىڭ يىپەك بولۇشىدۇر. ئەمما ھازىر بۇ يولدا خىتاي ماللىرى ياۋروپاغا شۇنداقلا پۈتۈن دۇنياغا توشۇلۇپلا قالماي يەنە دۇنيادىكى نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىقلار خىتايغا توشۇلۇپ خىتاينىڭ ئېچىرقاپ كەتكەن نېفىت، تەبى گاز ئېھتىياجىنى قامدىماقتا. يىپەك يولىنىڭ سىبىرىيىنىڭ جەنۇبىنى كېسىپ ئۆتىدىغان تىرە يولى، ھىندىستاندىن باشلانغان باھارات يولى، تارىختىكى پارىسلار زەردۇشلارغا قەدەر تۇتاشقان بىر يولدۇر. ئەينى تارىختا ياۋرۇپا نوپۇسىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى يوق قىلغان ۋابا بۇ يول ئارقىلىق، يەنى خىتايدىن تارالغان ئىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ كوۋىد ئىسىملىك بۇ ۋىرۇس خىتاي ئارقىلىق دۇنياغا تارقالماقتا. ئەينى چاغدىمۇ خىتاينىڭ بىر ۋىلايىتىدە تارقالغان بۇ ۋابا يىپەك يولى ئارقىلىق دۇنياغا تارقالغان ئىدى. خىتاي ۋە موڭغۇللار ئارقىلىق دۇنياغا تارقالغان ۋابا ئاسىيا قىتئەسىدىمۇ 75 مىليون كىشىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەپ بولغانلىقى مەلۇم. يىپەك يولىدا ئەشۇ دەۋىرنىڭ داڭلىق ئىجادلىرىدىن، سەرەڭگە، قەغەز ۋە ئوق قاتارلىقلار ياۋروپاغا توشۇلغان. ئاخىردا ئۆزى بەرپا قىلغان بۇ يېڭى دۇنيا تەرتىپى تەرىپىدىن دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن يوق قىلىنغان ئىدى.

يىپەك يولى، تېرە يولى، دورا-دەرمان يولى قاتارلىق تارماقلارغا بۆلۈنەتتى. يىپەك يولى پىل چىشى، مىس ۋە كۈمۈش، فىرۇزە كۆك تېشى(تۇركۇئاز)، خىتاينىڭ چىنە-چاقچۇق، يىپەكلىرى، تۆگىلەرگە ئارتىلاتتى. يىپەك يولى ۋاستىسى بىلەن دۇنياغا ناھايىتى نۇرغۇن پىكىر ئىدىيە، مەدەنىيەت ۋە دىن تارقالدى. بۇ يول ئەسلىدە پىكىر ۋە ئىدىيەلەر ئالماشتۇرۇلىدىغان يول ئىدى. بىر-بىرىدىن خەۋەرسىز ھالدا ئۆز ئالدىغا تەرەققىي قىلىۋاتقان يۇرتلارنى ئۆز-ئارا تېپىشتۇرىدىغان يول ئىدى. قەدىمقى يىپەك يولىدا، يېڭى ئىجادىيەتلەر ۋە يېڭى پىكىرلەرنىڭ بىر بىرى بىلەن گىرەلىشىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئىدى. يىپەك يولى ئارقىلىق پەرقلىق ئىبادەتخانىلار، پەرقلىق يېمەك-ئىچمەك تۈرلىرى تېتىلغان، پەرقلىق ئۆرۈپ-ئادەتلەر بىلەن تونۇشۇلغان ئىدى. يىپەك يولى ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان ۋاقتىمىزدا، بۇ يولغا دەسلەپتە خىتاي خەن خاندانلىقى، ئاندىن ھۇنلار ئىگىدارچىلىق قىلغانلىقىنى، بۇ يولنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى تالىشىپ نۇرغۇنلىغان ئۇرۇشلارنىڭ بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. مىلادى 500-يىلىدا يىپەك يولىنىڭ ئىگىدارچىلىقى تابغاچلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكەن بولۇپ، بۇ ئىگىدارچىلىق 100 يىل داۋاملاشقان. مىلادى 600-يىلىغا كەلگەندە بىزانس ئىمپىراتۇرلۇقى بىزانس ساسانىلەر بىلەن يىپەك يولى تىجارەت كېلىشىمى تۈزگەن.

خىتتاي رەئىسى جاللات شىجىنپىڭنىڭ دۇنيادىكى مۇھىم پورت، ئايرودورۇم ۋە ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش مەقسىدىدە قۇرۇپ چىققان «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىقتىسادىي پروجەسى دەل يۇقىرىدا بىز دەۋاتقان يىپەك يولىنىڭ يۇرىكىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھازىرقى تۇسالغۇ جۇغراپىيىلىك خەتەرلىك رايون ۋە ناچار ھاۋا كىلىماتى ئەمەس بەلكى ئۇيغۇرلار. شۇ سەۋەپتىن خىتاي «بىر بەلباغ، بىر يول» پروجەسى بىلەن بىرلىكتە جازا لاگىرلىرىنى قۇرۇپ، ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى باشلاتتى. خەلقئارادىكى 10 دىن ئارتۇق دۆلەت خىتاي ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇ قىرغىنچىلىقنى ئېرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئېلان قىلدى. «بىر بەلباغ، بىر يول» پروجەسى پەقەت تارىختىكى يىپەك يولىنىڭ ھەقلىق ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلارنى يوق قىلىش پروجەسى بولۇپلا قالماي بەلكى دۇنياغا قول سوزغان بىر توزاق پروجەسى بولۇپ، قوللىرى 150 كە يېقىن دۆلەتكە ئۇزىتىلغان، 2500 دىن كۆپ ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى ۋە ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ بىر تۈر بولۇپ ھازىرغا قەدەر بولغان 10 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە خىتاي بۇ تۈر ئۈچۈن بىر تىرىلىيون دوللار پۇل خەجلىدى. خىتاي بۇ پۇللارنى قەرز بېرىش يولى بىلەن كەمبەغەل دۆۋلەتلەرنى قەرزگە پاتۇرۇپ قويۇشقا باشلىدى. خىتاي بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇ رايۇنلاردىكى سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە ئەسكىرى نوپۇسىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشىپ كەلدى، نەتىجىدە خىتاي نۆۋەتتە بارا ـ بارا دۇنيادا ئىشەنچىسىز بىر ھالغا چۈشۈپ قالدى. خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» پروجەسى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 10 ـ يىلىدا ئامېرىكا بىلەن ھىندىستان خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» پروجەسگە ياندىش بولغان

ھىندىستان ئوتتۇرا شەرق ۋە ياۋرۇپا كارىدورى شەكىللەندۈرىۋاتقان بولۇپ بۇ كارىدۇر قىسقارتىلىپ «يىمەك» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ پروجەنىڭ ھىندىستان، ئوتتۇرا شەرق ۋە ياۋرۇپا ئارىسىدىكى ئەڭ ياخشى بىر ئىقتىسادىي كارىدۇر بولىدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.

ھىندىستان بۇ پروجە ئارقىلىق خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» پروجەسگە رىقابەتچى بولماقچى ۋە دۇنيادىكى دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلەر ئارىسىدىن يەر ئالماقچى. ئۆزگىرىۋاتقان يېڭى دۇنيا تەرتىپىدە ھىندىستاننىڭ خىتايغا قارشى يەر شارى خاراكتېرلىك كۈچ بولۇش ئارزۇسى سوزۇلۇپ ياتماقتا. قورغاس ئارقىلىق قازاقىستان ۋە بېلوروسىيەگە توشۇلغان خىتايماللىرى پەقەت بىرلا تاموژنا ئارقىلىق، ياۋرۇ ئاسىيا ئىقتىسادىي بىرلىكىنىڭ كۆچى بىلەن، ئۇدۇل ياۋروپاغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنى ياۋرۇپا بىرلىكىنىڭ چېگرىسىدىن كىرەلەيدۇ. جاللات شىجىنپىڭنىڭ ئۇيغۇر ۋەتىنى شەرقى تۈركىستاننىڭ يۈرىكى بولغان قارا قۇرۇم تاغلىرىنى تېشىش ئارقىلىق خىتاينى ۋە شەرقى تۈركىستاننى ھىندى ئوكيانغا

تۇتاشتۇرىدىغان خىتاي پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورىنىڭ ئورنى خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» پروجەسىدە مۇھىم مەركىزىي ئامىللىق رولىنى ئويناپلا قالماستىن بەلكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ دېڭىز ئوكيانلاردىن تولىمۇ ئۇزاقتا قالغان ئىچكى قۇرۇقلۇق دۆلىتى بولۇشتەك ئەھۋالىغا خاتىمە بېرىپ، ئۇيغۇر ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاننى ماھىيەتتە دۇنياغا ئاچىدۇ ۋە يۈزلەندۈرىدۇ.

خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» پروجەسى، دۇنيادىكى 3 مىليارتتىن ئارتۇق نوپۇسنى، 65 دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاسىيانىڭ ئەڭ شەرقى بىلەن ياۋرۇپا گىرۋەكلىرىنى بىر بىرىگە تۇتاشتۇرىدۇ. خىتاي قەرز پۇل بېرىۋاتقان دۆلەتلەر كەمبەغەل ۋە ياكى كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان دۆلەتلەر بولۇپ، نۆۋەتتە ئۇلار خىتاي تارقاتقان ئۇ پۇللارنىڭ مۇددىتى توشقان بولسىمۇ قايتۇرالمايۋاتىدۇ. سىرىلانكىنىڭ ھامباتوتان پورتى، پاكىستاننىڭ گۇئادا پورتى، يۇنانىستاننىڭ پىرى پورتى، تۈركىيەنىڭ كۇمپورت پورتى ۋە ياۋروپادىكى ناھايىتى نۇرغۇن مۇھىم پورت، ئايرودورۇملار نۆۋەتتە تولۇق ۋە ياكى يېرىم تولۇق ھالەتتە خىتاينىڭ قەرز پۇل دىپلوماتىسيەسى ۋە توزىقىنىڭ قۇربانى بولۇپ تۇرماقتا. خىتاينىڭ ئافرىقىدىكى كۆپلىگەن كەمبەغەل دۆلەتلەرگە قەرز پۇل بېرىشىدىكى مەقسىدى ب د ت دىكى ئاۋازغا قويۇشتا ئۈستۈنلۈك قازىنىشنى نىشان قىلغان، بۇ پەقەت ب د ت دىلا ئەمەس بەلكى دۇنيا ساغلاملىق جەمئىيىتىدىمۇ ئۆز كۈچىنى كۆرسەتكەن.

خىتتاي قەرىز پۇل تارقىتىش توزىقى ئارقىلىق، سىرىلانكىنىڭ ھامبانتوتا پورتىنى ۋە ئەتراپىدىكى يەرلەرنى قوشۇپ 99 يىللىق پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. جىبۇتىدا بىر ئەسكىرى ئۈستى قۇرۇش كۈچىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. گۇئادا پورتىدا 5 مىڭ خىتاينى يەرلەشتۈرۈپ ۋەتەنداش قىلىش ھەققىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستاندا قەرز پۇل بەدىلىگە يەر زېمىن ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئالماقچى بولدى، ئەگەر قەرز پۇلنى ۋاقتىدا قايتۇرالمىغاندا بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىلىرىنى قولغا چۈشۈرمەكچى بولدى. «بىر بەلباغ، بىر يول» پەقەت خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغىلا سوزۇلغان يالماۋۇز قولى بولۇپلا قالماي بەلكى دۇنياغا سوزۇلغان يالماۋۇز قولى بولۇپ، بۇ پروجە پەقەت ۋە پەقەت، خىتاي دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىش ئاساسىدا، كەمبەغەل دۆلەتلەرنى قەرزگە پاتۇرۇپ قويىدۇ. خىتاي بۇ پروجە قاپسىغان دۆلەتلەرگە ئۆز ئىشچىلىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ كېلىپ ئۆز خەلقىنى ئىش بىلەن تەمىنلەيدۇ، شۇنداقلا بۇ پروجەدە يۈزدە 80 بىلەن يۈزدە 90 ئارىسىدا خىتاي ئىشچىلىرىنى ئىشلىتىدۇ. باشقا ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئىشلەشنى تەشەببۇس قىلغان خىتاي بۇ كىشلەر ئارقىلىق چەت دۆلەتلەرنىڭ ئىستىقباراتلىرىغا ئېرىشمەكچى بولىدۇ ۋە يەنە نۇرغۇن...

ئۇنداقتا خىتاينىڭ غۇلاش مۇمكىنچىلىكى بارمۇ؟ ئەگەر خىتاي غۇلىغان ۋاقىتدا خىتاي شۇنچە نۇرغۇن مەبلەغ سەرپ قىلىپ قۇرۇپ چىققان، خىتاي-پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى كىمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ؟ بۇ سوئاللار خىتاي زۇلمى ئاستىدا ئىڭراۋاتقان، خىتاي جازا لاگېرلىرىغا تاشلانغان 3 مىليوندىن 5 مىليونغىچە ئۇيغۇرغا ئۈمىد نۇرى بېغىشلايدۇ. بۇ سوئالنىڭ جاۋابى شۇكى، شۇنداق خىتاي يېقىن كەلگۈسىدە غۇلايدۇ ۋە خىتاي-پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورىنىڭ ئىسمى، شەرقى تۈركىستان ئىقتىسادىي كارىدورىغا ئايلىنىدۇ.

دۈشمىنىمىزنى ياخشى بىلگەن ۋاقتىمىزدا، شۇنىڭغا قارىتا ھەرىكەت پىلانىمىز بولىدۇ ۋە ئۈمىد يولىنى تېپىشمۇ ئاسان بولىدۇ. ئەسلىدە دۈشمەندىن قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق پەقەت دۈشمەننى بىلمەسلىكتىن قورقۇش مۇھىم. دۈشمەن ھېچقاچان بۇگۈنكى كۈچ بىلەن قالمايدۇ، ئەتە باشقىچە بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاينى بىرىنجى نومۇرلۇق دۈشمەن دەپ ئېلان قىلدى. ترامپ ھۆكۈمىتى خىتايغا قارشى ئىقتىسادىي جەڭ ئېلان قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن ئامېرىكا خىتاي ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. بايدىن ھۆكۈمىتى خىتايدىن كىرىدىغان ماللارغا يۈزدە 60% تاموژنا بېجى قويىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى شۇنداقلا خىتايدىن كىرىدىغان ئۇيغۇر مەجبۇرى ئەمگىكىگە مۇناسىۋەتلىك پاختا مەھسۇلاتلىرىغا چەكلىمە قويدى. خىتاينىڭ ئىقتىسادىي يۈكسىلىشى يىللاردىكى 9-10 دەرىجىدىن ھازىر 5-6 گە چۈشكەنلىكى مەلۇم، ئەڭ مۇھىمى دەرىجىدىن تاشقىرى نوپۇسقا ساھىب خىتاي ئۆز تۇپراقلىرىغا سىغماي قېلىۋاتىدۇ. بۇ دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقتىمىزدا خىتاينىڭ پارچىلىنىش ئېھتىماللىقىنىڭ شەرت ۋە شارائىتلىرىنىڭ پىشىپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرماقتىمىز، خىتايمۇ خۇددى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاش پارچىلىنىدۇ. ئەلبەتتە خىتاي پارچىلانغاندىن كېيىن، خىتاي-پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورىنىڭ ئىگىلىرى شەرقى تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار بولىدۇ، مىڭ يىللار مۇقەددەم يىپەك يولىغا ساھىبخانلىق قىلغان ئۇيغۇرلار يەنە قەد كۆتۈرىدۇ...



# ئەمگەك پارتىيىسىنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ھەققىدىكى قارارىدىن يېنىۋالغانلىقىدىن قاتتىق ئۈمىتسىزلەندۇق

دوكتور گىللىئان خافس، دوكتور شارلوت بۇرك، دوكتور جۇلىيا نىلكى، دوكتور جۇلىيا گرانۋىل

## ئەمگەك پارتىيىسىنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ھەققىدىكى قارارىدىن يېنىۋالغانلىقىدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۇق

دوكتور گىللىئان خافس، دوكتور شارلوت بۆرك، دوكتور جۇلىيا نېلكى، دوكتور جۇلىيا گرانۋىل

بىز، دەيۋىد لەممىي (David Lammy) نىڭ خىتايغا بارغانلىقى ھەققىدىكى دوكلاتىنى ئوقۇپ چوڭقۇر بىئارام بولدۇق. دوكلاتتا بىر كىشىلىك ھوقۇق ئادۋوكاتى باشچىلىقىدىكى ئەمگەك پارتىيىسى ھۆكۈمىتىمىزنىڭ خىتاي بىلەن سودا كېلىشىملىرىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىش پىلانىدىن يېنىۋالغانلىقى كۆرسىتىلگەن (ئەمگەك پارتىيىسى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان مۇئامىلىسىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئىكەنلىك قارارىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن يېنىۋالدى، 17 ـ ئۆكتەبىر).

2021 ـ يىلى بىز ئالتە كۈن ئۇيغۇر سوتىغا قاتناشتۇق، بۇ جەرياندا نۇرغۇن ئادەمنى چۆچۈتكىدەك گۇۋاھلىقلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىز گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرنىڭ پسىخلوگىيىلىك ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇلارغا روھىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشكە تەكلىپ قىلىنغان ئىدۇق، قاتناشقانلارنىڭ جاسارىتى ھەيران قالارلىق ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆپى بۇ سوتقا قاتنىشىش سەۋەبىدىن ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرايدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى. بىز مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش، تۈرمىگە سولاش ۋە ۋەھشىيانە قىيناش ھەققىدىكى باياناتلارنى ئاڭلىدۇق.

سوت، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ۋە قىيناشقا باراۋەر ئىكەنلىكى ھەققىدە قارار چىقاردى. ئۇ ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ ئۇچرىغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا بولغان ئىنتايىن مۇھىم بىر ئېتىراپ قىلىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيادىكى دېموكراتىك دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلىدى.

بىز لەممى ئەپەندى ۋە ئەمگەك پارتىيىسىنىڭ 2023 ـ يىلى قانۇنىي يوللارنى قوللىنىش نىيىتىنى ئېنىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ، پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتكەنلىكىدىن ئۈمىدسىزلەندۇق.

بۇ دەل، شىۋان مەكدونا (Siobhain McDonagh) نىڭ 2022-يىلى يانۋاردا پارلامېنتتا ئېيتقىنىدەك: «ئەگەر بىز قاراپ تۇرساق، تارىخ بىزنىڭ كەچۈرگۈسىز قورقۇنچاقلىقىمىزنى ئەيىبلەپ، نېمە ئۈچۈن ھوقۇقتىكىلەرنىڭ ھېچ بىر ھەرىكەت قىلمىغانلىقىنى سورايدۇ، چۈنكى بۇ قېتىم ھېچكىم، ئۇلار بىلمەيتتى، دېيەلمەيدۇ».

ئىنگلىزچىدىن باتۇر تەڭرىقۇت تەرجىمىسى

https://www.theguardian.com/world/2024/oct/30/we-are-in-despair-at-the-labour-partys-u-turn-on-uyghur-genocide-ruling

# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر



(2024 -يىلى 11– ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 11 – ئاينىڭ 30- كۈنىگىچە)

# دۇنيا خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار

(2024 ـ يىلى 11 ـ ئاي)

**11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى**

**بەزى ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ ئەمما خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە بولغان مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەرىكەت قوللىنىش كېرەك**

خەلقئارالىق ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش تەشكىلاتى (ISHR) خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىگە داۋاملىق كۆزىتىش يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى، ئاساسەن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا، تىبەتلىكلەرگە ۋە خوڭكوڭ ئاكتىۋىستلىرىگە قارىتا بولۇۋاتقان زۇلۇمنى دوكلات قىلدى. خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش ۋە تۇتقۇن قىلىنغانلارنى قويۇپ بېرىشكە بولغان چاقىرىقىغا پىسەنت قىلمىغانىنى ئاز دەپ خىتاي بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تەۋسىيەلىرىنىمۇ رەت قىلماقتا ۋە ھەمكارلىقتا قارشىلىق كۆرسەتمەكتە.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ شىنجاڭ ھەققىدىكى دوكلاتى يەنىلا تەشۋىقاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولۇپ ، ھەر قايسى دۆلەتلەرنى خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش ۋە سىستېمىلىق دەپسەندە قىلىشقا قارشى ھەرىكەت قوللىنىشنى تەلەپ قىلدى. خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق مۇلازىمىتى خەلقئارا جاۋابكارلىق تەدبىرلىرىنىڭ ۋە جۈڭگوغا داۋاملىق بېسىم ئىشلىتىشنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلىدى.

https://ishr.ch/latest_updates/some_progress_but_further_action_needed_to_hold_china_accountable_for_grave_human_rights_violations/

**11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى**

**ئۇ خىتاينىڭ قولىدىن قېچىپ چىقتى، ئەمما ھەقىقىي باش قېتىنچىلىقى شۇنىڭدىن كېيىن باشلاندى**

نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى «ئۇ خىتاينىڭ قولىدىن قېچىپ چىقتى، ئەمما ھەقىقىي باش قېتىنچىلىقى شۇنىڭدىن كېيىن باشلاندى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە مۇنۇلار بايان قىلىنغان:

ھەسەن ئىمام، شىنجاڭدىن كەلگەن بىر ئۇيغۇر يىگىتى، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ نوپۇس چەكلەش سىياسەتلىرىدىن قېچىپ، باللىق چاغلىرىنى قانداق يوشۇرۇنۇپ ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. قانۇنلۇق تىزىمغا ئېلىنمىغان بىر بالا سۈپىتىدە تۇغۇلغان ھەسەن، قانۇنسىز، تەلىم-تەربىيە ۋە

ئەڭ ئاساسىي ئىنسانى ھوقۇقلاردىن مەھرۇم ھاياتنى باشتىن كەچۈرگەن. يەرئاستى مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان بېسىملىرىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشى بىلەن ئۇنىڭ ھاياتى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلاشقان. دۆلەتنىڭ كونتروللۇقىدىن قېچىش يولىنى تۇتقان ھەسەن، كېيىنچە بېيجىڭنىڭ كۈچى ۋە نوپۇزىنىڭ دۇنيا مىقياسىدا نەقەدەر كەڭ دائىرىدە تەسىر كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. بۇ ۋەزىيەت ئۇنى ۋە باشقا ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرىنى داۋاملىق قورقۇنچ ۋە قايغۇ ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر قىلغان.

https://www.nytimes.com/2024/11/10/magazine/uyghur-china-escape.html

**11-ئاينىڭ 14-كۈنى**

**ئۇيغۇرنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى ھىمايە قىلغۇچىلار ئامېرىكىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارىتا تېخىمۇ قاتتىق قول تەدبىر قوللىنىشنى تەلەپ قىلدى**

«shiawaves» تورىنىڭ 14-نويابىر خەۋىرىدە «ئۇيغۇرنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى ھىمايە قىلغۇچىلار ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارىتا تېخىمۇ قاتتىق قول تەدبىر قوللىنىشنى تەلەپ قىلدى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلىنغان بولۇپ، خەۋەردە مۇنداق دېيىلگەن:

ئۇيغۇر ھەق-ھوقۇقى ھىمايىچىلىرى يېڭى ھاكىمىيەت بېشىغا كېلىۋاتقان ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن شىنجاڭدىكى ئىنسان ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارشى تەدبىرلەرنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگەك قىلدۇرۇشنى چەكلەش قانۇنىنىڭ قاتتىق ئىجرا قىلىنىشىنى، خىتاي تەشكىلاتلىرىغا قارشى كۈچەيتىلگەن جازا چارىلىرىنى ۋە شىنجاڭنىڭ ئىشغال قىلىنغان تۇپراق سۈپىتىدە رەسمىي تونۇلۇشىنى ئېنىق تەكىتلىدى.

ئۇيغۇر ھەق-ھوقۇق ھىمايىچىلىرى ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، خىتاي بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر ئىنسانلارنىڭ ھەق-ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ئەندىشىلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى پاسسىپ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشى مۇمكىنلىكىنى تىلغا ئالدى. بۇ، مەزكۇر رايوندىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان روھىي بېسىم ۋە زۇلۇمغا قارشى داۋاملىشىۋاتقان كۈرەشلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ.

https://shiawaves.com/english/united-states/114222-uyghur-advocates-urge-stronger-u-s-action-on-xinjiang-human-rights-violations/

**11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى**

**ئامېرىكا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشتەك دەپسەندىچىلىككە قارىتا تېخىمۇ كۆپ يىمەكلىك ۋە مېتال ئىمپورت قىلىشنى چەكلىدى**

رويتېرس ئاگېنتلىقى 22 ـ نويابىر «ئامېرىكا جۇڭگونىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشتەك دەپسەندىچىلىككە قارىتا تېخىمۇ كۆپ يىمەكلىك ۋە مېتال ئىمپورت قىلىشنى چەكلىدى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، خەۋەردە مۇنداق دېيىلگەن:

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ئۇيغۇرلارغا مەجبۇرى ئەمگىكى بىلەن باغلىق دەپ گۇمان قىلىنغان خىتاي شىركەتلىرىدىن چىققان مەھسۇلاتلارغا يېڭى چەكلىمىلەر سېلىپ، ئىمپورت توسۇمىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. بۇ چەكلىمىلەر "ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى" ئاساسىدا، پەمىدور قىيامى، ئورمان ياغىقى، ئالتۇن ۋە تۆمۈر رۇدىسى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ئىنسانىي ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئەزىيەتچىلىككە ئۇچرىغان ئاز سانلىقلارنى تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىنى ئەيىبلەيدۇ. بېيجىڭ بولسا بۇ ئەيىبلەشلەرنى رەت قىلىدۇ. بۇ چارە ئامېرىكا بازىرىغا مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن باغلىق مەھسۇلاتلارنىڭ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تىرىشچانلىقىنى كۈچەيتىدۇ.

https://www.reuters.com/markets/us/us-bars-more-imports-over-chinas-alleged-forced-labor-2024-11-22/

**11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى**

**خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زوراۋانلىقى تېخىمۇ قاراڭغۇ دەۋرگە كىردى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى چوقۇم ھەرىكەتكە ئۆتۈشى لازىم**

«Atlantic council» تورى «خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زوراۋانلىقى تېخىمۇ قاراڭغۇ دەۋرگە كىردى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى چوقۇم ھەرىكەتكە ئۆتۈشى لازىم» ناملىق دوكلات ئېلان قىلغان بولۇپ، دوكلاتنى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىسى رەيھان ئەسەت خانىم تەييارلىغان. دوكلات كۈچلۈك تەييارلانغان بولۇپ، نۇۋەتتىكى ۋەزىيەت ياخشى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

https://www.atlanticcouncil.org/expert/rayhan_asat/

باتۇر تەگىرىقۇت تەييارلىدى



ئابدۇشۈكۈر تۇردى

ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى، قۇتادغۇ بىلىك تەتقىقاتچىسى، ژۇرنالىست، ئابدۇشۈكۈر تۇردى ئەپەندى (1936-2012)



# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيتى ۋە مەۋجۇدىيتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

بىلىمگە ئىنتىلىش ئەمەلىيەتتە ئەركىنلىككە ئىنتىلگەنلىك بولىدۇ.